# ھەسرەت



ھەسرەت

(شېئىرلار توپلىمى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئا. قارلۇقى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

بۇ كىتابنى مۇئەللىپنىڭ ۋاپاتىنىڭ 20 - يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمىز.

— نەشرىياتتىن

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم

2002 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى ئىستانبۇل – تۈركىيە

## ئىنقىلابىي شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم توغرىسىدا

كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانغا سالغۇچى ئۆتكۈر شېئىر - غەزەللىرى، ئېگىلمەس - سۇنماس پىداكارانە روھى ئارقىلىق بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تىللىرىدا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم, 1894 - يىلى ئۇيغۇر يېڭىلىق ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارى، جامائەت ئەربابى، يېتىشكەن ئالىم، شۇنداقلا يېڭى زامان ئۇيغۇر مائارىپىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇلقادىر ئابدۇلۋارىس (تەخەللۇسى غازى) داموللامنىڭ ئائىلىسىدە ئاتۇشتا دۇنياغا كەلدى. ئۇ ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەبلەرنى قەشقەر شەھرىدە پۈتتۈردى. بۇ جەرياندا داموللام ۋە باشقا بىر قىسىم ئۇستازلاردىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇلقادىر داموللام ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنى چەتئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تەربىيىلەش مەقسىتىدە ھىندىستانغا ئەۋەتتى.

20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئالىي مەكتەب ھاياتىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق مەزگىلى ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك كۈرەش جەريانىغا توغرا كەلدى. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھۆرلۈك

ئەركىنلىكنى ئۆزلىرىنىڭ ئالىي نىشانى قىلغان بۇ خەلق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ئېزىلگەن ھىندىستان خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش سەپلىرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. 1924 - يىلى 8 - ئايدا خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ يوشۇرۇن پىلانلىشى، ساتقىن مۇناپىقلارنىڭ قول سېلىشى بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئۆزىنىڭ قەشقەر شەھەر كونا ئوردىدىكى كۇتۇبخانىسىدا شەپقەتسىزلەرچە قەتلى قىلىندى.

شۇ يىلى كۈز مەزگىلىدە بۇ شۇم خەۋەردىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ خىل پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم دادىسىنىڭ قاتىلىنى، توغرىسى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى، ئىسلاھات ھەرىكىتىنىڭ قاتىلىنى تېپىپ، خەلقتىن ئىبارەت بۈيۈك سۇدىيىنىڭ ئادالىتىگە تاپشۇرۇشنى مەقسەد قىلىپ ھىندىستاندىن ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستانغا قايتىپ كەلدى. ئەپسۇسكى مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك توسقۇنلۇقى بىلەن ئۇ ئاچقان داۋا ئۈنۈمسىز تۈگەللەندى.

ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىقىگە بېغىشلىغان ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ, 1920– يىللاردىن باشلاپ شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغانلىقى مەلۇم. ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت سەمەرىلىرىگە ئېتىقاد نوقتىدىن قاراشنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنۇتمىغان شائىر ئۆزىنىڭ مۇتلەق سۆيگۈسى، ئىخلاسى ئومۇمەن بارلىقىنى ۋەتەن خەلقىنى، ياشلارنى ئۆزىنىڭ ئىززەت - ئابرويىنى، ئار - نومۇسىنى، مەدەنىي - مىراسلىرىنى، ئېتىقادىنى، ئومۇمەن ئانا تۇپرىقىنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن كۈرەشكە چاقىرىشتىن، جەننەت مىسالى گۈزەل ۋەتىنىنىڭ تەبىئى مەنزىرىلىرىنى تەسۋىرلەشتىن، رەقىبلەرگە نەپرەت ياغدۇرۇشتىن باشقىغا ئىشەنمىدى. شائىرنىڭ ۋەتىنىگە بولغان مۇھەببىتى رەقىبلەرگە بولغان نەپرىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسا، كۈرەشتىكى سەۋرچانلىقى ئۆزلۈكسىزلىگىدە، پىداكارلىقى ئىسيانكارلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. قاراڭغۇ كامىر، زەي - زىندان، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بۇ ئېتىقادلىق ئىنسانىنىڭ گىگانىت گەۋدىسىنى داۋاسىدىن، ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشكە كوندۇرەلمىدى. مىللەتنى ئويغىتىش، يېڭىلىققا ئىنتىلدۈرۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، خائىنلارنى قامچىلاش، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىش، ئىنسانىيەت كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش شائىر شېئىرلىرىنىڭ مەركىزى تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىستىبدادىنى رەھىمسىزلەرچە قامچىلاپ تەنقىدلىگەن. شۇڭىمكىن بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن تەكلىماكان ئەھلىنىڭ جىددىي تەشۋىشلىرى ۋە ئۈمىد - ئىشەنچلىرىدىن يوغۇرۇلغان بىر غېرىپ كۆيىنىڭ يۈرەكنى لەززىگە سالىدىغان ياڭراق مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندەك بولىمىز.

ياڭزىڭشىن (1914 - 1924) دەۋرىدىن باشلاپ، جىن شورىن (1924 - 1933)، شىڭ شىسەي (1933 - 1944)، گومىنداڭ (1944 - 1949)، خىتاي كوممۇنىستىك (1949 -) ھاكىمىيەتلىرىنىڭ تۈرمىلىرىدە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ چەتئەلدىن قايتىپ كىرگەندىن كېيىنكى

58 يىللىق ھاياتىنىڭ 43 يىلىدىن كۆپرەكىنى تۈرمىدا ئۆتكۈزگەن. شائىرنىڭ تازا جاسارەتكە تولغان چاغلىرى مىڭلىغان ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرىنى چىرىتىپ تۈگەتكەن قاراڭغۇ كامىرلاردا, ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىدا ئۆتتى.

1980 - يىلى كۈز ئايلىرىدا خەلقىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى، شائىرنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى ۋە كىسەللىكىنى نەزەردە تۇتقان خىتاي جاللاتلىرى مەخسۇمنى قاماقتىن بوشاتتى. شائىرنىڭ تۈرمىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى شائىر قايەرگىلا بارسا ئۇنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. چەكسىز ئىززەت - ئىكرام، ھۆرمەت - ئىھتىرام بىلەن قارشى ئالدى. كوچا، قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلارنى بىر قاتار زىيارەت قىلغاندىن كېيىن, ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۇ يەردىكى ئىستىقامىتىنى باشلىدى. رىۋايەتلەرگە كۆرە خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەدە قىلغان ھوقۇق مەنسەپلەرگە كۆز - قىرىنى سالمىدى. 1982 - يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى شەرقىي تۈركىستان كۆيىنى كۆيلەپ، كۆلكىسىنى كۈلۈپ، يىغىسىنى يىغلاپ ئۆتكەن بۇ جاسارەتلىك ئىنسان قانداقتۇر ھېچ كىم چۈشىنەلمەيدىغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان ئاتالمىش ”پويىز ۋەقەسى“ دە ئۈرۈمچىدە ئۆزى ئۆچۈن ھاياتىدا كېچىككىنە خۇۋلۇق كۆرسەتمىگەن بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. خەلقىمىز ئىچىدىن ئۇنىڭ ئۆلمىنىڭ داۋاگىرى، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگۈچىسى بولمىدى. بولمىدى ئەمەس غالجىر ئىت كەبى چىشىنى چىقىرىپ تۇرغان مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولغىلى قويمىدى. خەلقىمىز ئۇنىڭ كۈرەش روھىغا مۇناسىپ دەپنە مۇراسىملىرى، ھەشەمەتلىك قەبرە تاشلىرىنى تىكلىيەلمىدى. لېكىن شائىر خەلقىمىز قەلبىدە ئۆلمىدى، ئۇ مىليۇنلىغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ كۈرەش يولىدىكى نامايەندىسىگە ئايلاندى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! خەۋرىڭىز بار، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان بىر كېچىلىك قىيامەتنى باشتىن كەچۈردى. زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەش، يەر ئىسلاھاتى، ئوڭچى - يەرلىكچى، مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش، سىنىپى كۈرەش، داجەيدىن ئۆگىنىش، سوتسيالىستىك تەربىيە، تۆت كىشىلىك گوروھ قاتارلىق ئازازۇل بايراقلارنىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇنلىغان مەدەنىي مىراسلار ئۆز قەبرىگاھىغا جۆندى. مەخسۇمنىڭ نۇرغۇنلىغان قول يازمىلىرى ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك بوراندا يوقتىلدى. مىللىي ئەدەبىياتنىڭ قىيامەتكە تەڭداش زۇلمەتلىك قارا تۈنى باشلانغان شۇ يىللاردىكى شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي تۆھپىلىرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مەنبەلەردىن يىراق بولغانلىقىمىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمىز.

لېكىن ئۆچۈرۈپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان كۆڭۈلدىن ئىبارەت دەپتەرگە خاتىرىلەنگەن، كېيىنچە يازما خاتىرىلەرگە ئېلىنغان ئەسەرلىرى بۇ توپلامغا جەملەندى. بۇ توپلام ئاساسەن شائىرنىڭ چوڭ قىزى زەينەپ خانىم رەتلەپ ساقلىغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تولۇقلاپ رەتلەندى. قول يازمىلارنىڭ ھەرخىل ۋە ئېنىقسىز بولىشى نەشرگە تەييارلىغۇچىنى گاڭگىراتماي، ئىككىلەندۈرمەي قالمىدى. ئىمكان بار مەخسۇمنىڭ تىل ئىشلىتىش ئۇسلۇبىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ چۈشۈپ

قالغان سۆزلەرنى، كەم قالغان جايلارنى تولۇقلىدۇق. ئوقۇش ئىمكانىمىز بولمىغان جايلارنى بوش قالدۇرۇپ قويدۇق. ئەسلىدە شائىرنىڭ بۇ توپلىمىغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بېرىپ، ئۇنى كىتابخانلارغا سونۇش غەرىزىمىز بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن ئوقۇرمەنلىرىمىننىڭ نەزىرىدە رامكىلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بارلىق باھانى ئوقۇرمەنىنىڭ ئۆزىگە قالدۇردۇق.

دىيارىمىزدىكى چىرىك سىياسەت تۈپەيلىدىن بۇ ئۇلۇغۋار ئىنساننىڭ ھايات - پائالىيەتلىرىنى كۈرەش خاتىرىلىرىنى، ئەدەبىي تۆھپىلىرىنى رەتلەپ نەشرى ئەپكارلارغا سونۇشقا ئىمكان بولمىغانلىقى بىزنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلمەسلىكىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بىز ئىمكانىمىز دائىرىسىدە بار ھەممە نەرسىنى كىتابخانلارغا سۇندۇق. بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ تولۇقلاپ ئىلىپ بېرىش ئۈچۈن، خاتالىقلار كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىشتە ياردىمىڭىزلارنى ئايىماسلىقىڭىزلارنى ۋە مەخسۇمنىڭ بۇ توپلامدىن چۈشۈپ قالغان ئەسەرلىرى بولسا، نەشرىيات ساھىبى ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندىگە يوللاپ بېرىشىڭىزلارنى چىن دىلىمىزدىن ئۆتۈنىمىز.

ئاخىرىدا بۇ توپلامنى تەييارلاش جەريانىدا بىزگە يېقىندىن ياردەمدە بولغان بارلىق كىشىلەرگە، بولۇپمۇ شائىرنىڭ چوڭ قىزى زەينەب خانىم ۋە ئاۋىستىرالىيەدە ياشاۋاتقان شائىر ئەھمەد ئىگەمبەردىگە، باستۇرۇپ تارقىتىش ئۈچۈن ماددىي ياردەمدە بولغان ئابدۇلقادىر ھاجىم ئەھمەد ئاكىغا چىن كۆڭلىمىزدىن سەمىمى تەشەككۈر ۋە رەھمەت ئېيتىمىز.

ئا. قارلۇقى

18 - 06 - 2002

مۇندەرىجە

ئىنقىلابىي شائىرىمىز ئابدۇلئەزىز مەخسۇم توغرىسىدا............ 3

مۇناجات.......................................................... 1

مۇناجات.......................................................... 2

ۋەتەن سۆيگۈسى.............................................. 5

تۈرلۈك بېيتلار.............................................. 7

ھەسرەت.............................................. 8

ھېكمەتلىك سۆز.............................................. 12

ياۋغا مەن باش ئەگمىدىم.............................................. 12

مۇبالىغە.............................................. 13

ياشلىققا دائىرە.............................................. 15

ئەرزى ھال.............................................. 21

شۇم ئاسارەت.............................................. 24

تارىخ.............................................. 26

مېھرىبان ئانام ئۈچۈن.............................................. 28

ھىممىتىم.............................................. 30

ھايات.............................................. 32

ھەسرەتلىك ھال.............................................. 33

ئاسارەت.............................................. 35

ھەسرەت.............................................. 36

مىللەتنى ئويغىتىش.............................................. 38

ۋىجدان.............................................. 40

ئانامغا.............................................. 41

ئۇلۇغ ۋەتىنىنىم.............................................. 42

ئېچىنىش.................................................. 45

تۇران.................................................. 48

مېھرىبان ئانامغا.................................................. 50

ئايرىلمىسۇن.................................................. 52

مىللىتىم .................................................. 56

كۆڭلۈم كۆڭلىدىكى شېئىر.................................................. 74

ئاسارەت.................................................. 84

ئىسيانكار ئىنسان.................................................. 86

تىرادىگىيە.................................................. 87

تاماشا قىل.................................................. 88

ئابلا نامان.................................................. 89

زىندان.................................................. 91

ھەسرەتلىك مۇناجات.................................................. 93

مۇناجات

مېنى تەگرىم سىراتەل مۇستەقىم[1] ئۆزرە ھىدايەت قىل،

ئۆزۈڭ ئاسراپ، ئۆزۈڭ تۈرلى بالالەردىن ھىمايەت قىل.

ھەببىبىڭ ھۆرمىتى, يارەب مېنى دۈشمەنگە خار ئەتمە،

ماڭا ئىنئام ۋە ئېھسانىڭنى بىھەد، بىناھايەت قىل.

ھاقارەتلىك ئاسارەتتىن خالاس ئەيلەپ مېنى, يارەب،
ماڭا دۇنيا ۋە ئاخىرلىق[2] سائادەتىن ئىنايەت قىل.

مۇناجات

ئۇلۇغ تەڭرىم ئىلاھىم سەن ھەقىقى پادىشاھىمسەن،
ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم سەن بۈيۈك پۇشتى پاناھىمسەن.

ئىگەم سەن، بىرۇ بارىمسەن ئىشەنچىمسەن ئۆزۈڭ, يارەب،
ھامان داد ئەيلىسەم مەن سەمئى پەريادى ئاھىمسەن.

ۋە گەر تۈرلى بالالەرگە دۇچار بولسام ئۆزۈڭ ئاسراپ،
ئۇزۇڭ ساقلاپ مېنى قۇتقازغۇچى ھەق دەستىگاھىمسەن.

ئىزىلدىم، رەھىم قىلغايسەن ئۇمىدىم سەندىدۇر, يارەب،
نىگاھدار غەمگۇزارىمسەن، كۆيۈملۈك خەيرى خاھىمسەن.

ھەبىبىڭ ھۆرمىتىدىن مەن ئەسىر بىچارە مۆزتەرنى،
ئاسارەتتىن نىجاتلىق بەرگۈچى ئەڭ ـ داد خاھىمسەن.

باشىم ئوڭلاپ قولۇم ئۇشلاپ ھىدايەت راھىنى كۆرسەت،
يىقىلسامۇ يۆلەپ يۈرگۈزگۈچى ھادىيۇ راھىم سەن.

نەزەر سالغىل ماڭا ئۆز فەزلى ئېھسانىڭ بىلەن, يارەب،

ۋە ئەدلىڭ بىلەن باقساڭ ئۆزلۈڭ مۇختار پاناھىمسەن.

”ئەزىزى“ دەر ئەسرى ناتىۋانمەن ھالىمە يەتكىن،

كىمىم بار سەندىن ئۆزگە ئى ھەقىقى پادىشاھىم سەن.

*　　*　　*

.......................................

بالامنى يا كالامنى ياكى ئۆز جانىمنى غەم قىلماي،

چىكەرمەن ھەممە ۋاخ مىللەت ـ ۋەتەن ئۈستىدە شىرىن غەم.

ئازاپلاندىم ئۇزۇن يىللار شىڭ شىسەينىڭ تۈرمىسى 4 دە[3]،

ئۇ زالىمۇ كىتىپ ئاشتى يەنە تارتقان جاپا ـ جەۋرەم.

كۆرۈپمەن سۈكرە گومىنداڭ ئازابىنى قەۋەت مۇنداق،

ئۇنىڭدەك نەچچە ھەسسە ئوتتا كۆيدۈم، سۇدا ئاقتىم ھەم.

ئىچىپ كەلدىم ئۇزۇن يىللار، سەبرىنىڭ دارىسىن دائىم،

مۇرادىم بولغۇچە ھاسىل داۋاملاشقاي يەنە سەبرەم.

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەس, بەلكى بۇ يالغانچى گومىنداڭ،

ئۇپۇق بويلاپ سۈزۈلگەي مەملىكەت مىقياسىدا كۆك ھەم.

يۈرەكىم ئوت بولۇپ، كۆڭلۈمنى گويا تونۇر قىلدى،

رەقىبگە قارشى جەڭگە ئۇشبۇ ئوت ئۇندەر مېنى ھەردەم.

ساقال - ساچىم بويالماي قىزىل قانغا كۆز ئوچۇق كەتكەي،

قارازىندان ئىچرە, بەلكى گومىنداڭغا بولسام يەم.

لېكىن بولغاي مېنىڭ كۈتكەن مۇرادىم ئاقىۋەت ھاسىل،

پەلەككە ياڭرىغان ھۆرلۈككە يەتكەندە مېنىڭ كۈلكەم.

مۇقەددەس ۋەتىنىم كۈلمەي تۇرۇپ مەن قىلچە كۈلمەسمەن،

كۈلەرمەن, بەلكى ئازاتلىققا چىققاندا ئەزىز ئۆلكەم.

تىلەيمەن ياردەمنى نەستەئىين دەپ بىرلا ئاللاھتىن،

ئاشار ئاخىر ئەمەلگە بۇ مىنىڭ قىلغان ئەمەل ئەھدەم.

چوقۇنمايمەن لېكىن بەندە تۇرۇپ مەن بەندىگە مۇتلەق،

بولۇر "نەئبۇدۇ"[4] دەپ بىر ئاللاھقا رۇكۇ، سەجدەم.

قىسىلساممۇ ئەگەر زىندان ئىچىدە, بەلكى مەن سۇدىن،

قىلۇرمەنكى تەيەممۇم ھېچ بېرەلمەس گۇندىپاي بەرھەم.

مۇبادا مەنسۇرى ھەللاجىدەك دار ئالدىدا تۇرسام،

تىلىم سۆزلەر "مىنەلھەق" دەپ لېكىن بولماس مىنۇت ئۆزرەم.

دېمەك, ئۆلسەممۇ مەردانە كېتەرمەنغۇ شەھىدانە،

بولۇرمەن دەل شۇ چاغ رازى "تويى" دەپ ئۆتسە ئاھ شۇ چاغ نەزرەم.

مېنى ئۆلتۈرمىگۈنچە شۇم رەقىبنىڭ كۆڭلى تىنمايدۇ،

لېكىن ئۆلتۈرسىمۇ ئۆلمەيدىغۇ مۇتلەق مېنىڭ غايەم.

تېنىم يەردە قېلىپ روھىم چىقىپ كەتكەندىمۇ ئەرشكە،

ئىلمىنىڭ باشىگە گەر چۈشسە كۈن، چۈشكەي مېنىڭ سايەم.
زىمىنىستانىنىڭ باھارى لەيلىنىگمۇ بىر نەھارى بار،
كېلىۇر ھەم سەبىر قىلساق رامىزاندىن سوگرە ھېيت ـ ئايەم.
ئۈمىد تۈلپارىدىن چۈشمەي تاپارمەن تەختۇ ـ بەختىمنى،
بولۇر ئۇ چاغدا ئالتۇندىن مېنىڭ باسقان پۇتۇن پايەم.
بۈگۈن ياشىسامۇ مەن پۈتۈن يۈرەك مۇڭ ـ زارىنى مەخپى،
قىلىنغاي ئاقىۋەت ئېلان جاھانغا بۇ باياننامەم.
نىسىپ بولماي مۇبادا مەن مۇيەسسەر بولمىسام, بەلكى،
كۆرۈر ئۇ كۈنلىنى ئاخىر مېنىڭ نەۋرەم ۋەيا چەۋرەم.
دېمەك, شۇ چاغقا يەتكەندە يېتىپ قەدرىمگە چوگقۇرلاپ،
تولۇرغۇ خوشپۇراق گۈل ـ لالىلەرگە خارۇ ـ زارقەۋرەم.
ئۈمىدنى ئالدىراپ ئۈزمەي ”ئەزىزى“ مۇ سۇباتلىقتا،
تۇرار مەۋقە ـ ئىرادەم ھەرقاچان تاغدىنمۇ مۇستەھكەم.

*　　*　　*

كېلىپ دۇنياغا ھەر تۈرلۈك جاپالەرگە دۇچار ئولدۇق،
ئەجەپ بىر دەۋرى ئالەم سەھنىسىدە ئاشكار ئولدۇق.
تۇغۇلماپمىز كېيىن يائىلگىرى بۇ شۇم زامانلاردىن،
بۇ دۇنياغا كېلىشتە بەندە بىز بىئىختىيار ئولدۇق.
بىگانە يەجۇجە ـ مەجۇجە شۇم قۇشلار بېسىپ كەلگەچ،

ۋەتەن شۇڭقارلىرى ئىدۇق ئۇلارغا بىز شىكار ئولدۇق.

ئەسرى ناتىۋان، ۋە ھەيرانە سەرگەردان بولۇپ كەتتۇق،

خالاس ئەت زۇلمى كۇلپەتتىن، خۇدايا بىقار ئولدۇق.

ئەجەلنىڭ شەربىتىن ئىچمەي تۇرۇپ كۆردۇق قىيامەتنى،

تامامى خانىداندىن جان مالدىن تار ـ مار ئولدۇق.

*       *       *

شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى جايىمنى زىندان ئەيلىدى،

دەۋرىنىڭ ۋەزىيىتى ئەقلىمنى ھەيران ئەيلىدى.

ئۆزگىرىپ دۇنيا ھەمىشە, توختىماي بىر نوقتىدا.......،

داغ ھەسرەتلەر بىلەن كىملەرنى ۋەيران ئەيلىدى.

كىمنى بىر خوش قىلسا ئارقىدىن قىلۇر يۈز مىڭ خاپا،

سائىتىدە مىڭنى تالان، بىرنى خەندان ئەيلىدى.

ئەزىزى 1943- يىل ئۈرۈمچى (4- تۈرمە)

ۋەتەن سۆيگۈسى[5]

جىگەر پارە يۈرەك يارە، سىقىلسا تەن ئارا جانىم،

ۋەتەن دەردى غېمى مىللەت بىلەن ئۆلسەم يوقتۇر ئارمانىم.

ۋەتەن دەپ دىنۇ ـ مىللەت دەپ بېشىمغا ھەر بالا كەلسە،

بىلەرمەن بەختۇ ئىقبالىم, شەرەپلىك پەخرۇ ئۇنۋانىم.

دەرىخا، ۋەتىنىمنى غەيرىلەر زورلاپ بېسىپ ئالغاچ،

يۈرەك باغرىم كۆيۈپ، قانىم قىزىپ قاينايدۇ ۋىجدانىم.

بۈيۈك تارىخ، ئازات مىللىتىم قۇللۇققا ئايلانغاچ،

پەقەت تاقەت قىلالماي ئۆرتىنىپ ياناماقتا ھەريانىم.

قېيىپ باشىم، ئېقىپ ياشىم، چۈشۈپ روھىم، سۇنۇپ كۆڭلۈم،

ئوراپ غەم ـ قايغۇ ھالىمنى يېتىشمەي چارە دەرمانىم.

ئېزىلدىم بىقار ئولدۇم ۋە لېكىن بولمىدىم ناۋمىد،

سەبەب كىم ۋاقىتلىكتۇر بۇ ئېزىلگەن، بۇ سىقىلغانىم.

نىشانەمگە ئېرىشمەككە ئىشەنچىم زور تولۇق چۈنكى،

دېگەچ ھۆرلۈك ئۈچۈن قانداش ـ تىلەكداشلار پىدا جانىم.

تۇر ئەي تۈرك ئوغلى بۇ ئار نومۇسنى كۆتۈرمەستىن،

تېنىڭ ئىرغات، كۆزۈڭ ئاچ، باش كۆتەر ئەۋلادى تۇرانىم.

ئۇغۇزخان چوڭ بابام ئاپراسىياپ، ئاتىللار، بۇغرالار،

بۈيۈك كۆك تۇغلىرىن دەپ كۆككە يەتتى ئاھ تارتقانىم[6].

بۈيۈك ئالتۇن كۆمۈش ئوردا قۇرۇلغان چاغدا شول توغنى،

قۇچاقلاپ تۇرغىنىمدا ئاقسا ئارمان يوق قىزىل قانىم.

ساقال ـ ساچىم قېزىل قانغا بۇيالماستىن قازا قىلسام،

يۇمۇلماستىن كۆزۈم، دىلدا قالۇر ھەسرەت ۋە ئارمانىم[7].

ئېرىشمەك ئەركىن ئازاتلىققا ھەققانى كۈرەش بىرلە،

ئاسارەتتىن ۋەتەن مىللەتنى قۇتقازماق مېنىڭ شانىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم بۈيۈك تۇرانىمىز ئەسلىگە كەلتۈر،

ئېقىت ئەسلى ئېقىندا سۈنى پەزلىك بىرلە رەھمانىم.
تىلەك ئارمانلىرىم ۋەتەن، مىللەتكە ئەركىن ئازاتلىق،
ساڭا روشەن مېنىڭ مىللەت، ۋەتەن دەپ زارلانغانىم.
ھەبىبىڭ ھۆرمىتى, يارەب ئىجاۋەت قىل دۇئايىمنى،
ماڭا رەھمەت ئەيلەبان ھەر مۈشكۈلۈمنى ئەيلە ئاسانىم.
ۋەتەن سۆيمەك ھەقىقى دىنى ئىسلامنىڭ شۇئارىدۇر،
”ئەزىزى“ شۇدۇر ھۇببۇل ۋەتەن[8] تارىخى ئىمانىم.
تۈرلۈك بېيىتلار
”ئەزىزى“ ھىممەت ئەيلەپ ئىززەت نەپسىڭنى ساقلاپ قال،
يۈزۈڭگە داغ چۈشۈرمەي شانلىق تارىخىڭنى ئاقلاپ قال.
ھاقارەتلىك ئاسارەت ۋاقىتلىقتۇر چۈشمىسۇن روھىڭ،
جاسارەت سەئى ـ غەيرەتلەر تىلەك ئارماننى ياقلاپ قال.
تىرىشقاندا نىشانىغا ئېرىشكەي روھلۇق ئىنسان،
ياشاشتا ئەركىن ـ ئازات بەختىيار مەيداننى ساقلاپ قال.

ھەسرەت

مەن ئىشەنگەن مىللىتىمدىن كۆرمىدىم ھېچبىر ۋاپا،
بېشىمغا كەلتۈردىلەر دەرت ۋە ئەلەم تۈرلى جاپا.
سەن ئۆزەڭ ئاسرا مېنى تەڭرىم، ئى بىرۇبار،
تۈرلى ئاپەت ۋە بالالەردىن بىھەققىل مۇستەفا.

بۇ مۇزتەر ئاسرا جەۋدۇ ـ ئېھسانىڭ بىلەن, يارەب،
نەزەر سال مەن قۇلۇڭغا ئەپۇ غۇفرانىڭ بىلەن, يارەب.
يېتىپ زىندان ئارا غەم ـ قايغۇ ھەسرەتلەردە زارلاندىم،
مېنى قۇتقاز بۇ دەرتتىن ئەمرۇ ـ پەرمانىڭ بىلەن, يارەب.

ھەبىبىڭ ھۆرمىتىدىن ناتىۋان مەھبۇس مەيۈسكە،
تەرەھھۇم[9] ئەيلىگەيسەن فەزلى رىزۋانىڭ بىلەن, يارەب.
يۇلۇڭدا دىن ۋە مىللەت دەپ، ۋەتەن دەپ زارلىنىپ دۇرمەن،
ئۆزەڭ ئۇلۇغ يارۇ ـ يۆلەك بول نەسر سۇلتانىڭ بىلەن, يارەب.

ئۇلۇغ تەڭرىم سېنىڭدىم ئۆزگە ھېچ پۇشتۇ ـ پاناھىم يوق،
ئۆزۈڭ ئاسرا مېنى سەن قۇدرىتى شانىڭ بىلەن, يارەب.
ھەبىبىڭ ھۆرمىتىدىن مەن ئەسىر مىسكىن ئەزىزىگە،
تەرەھھۇم ئەيلىگەيسەن فەزلى ئېھسانىڭ بىلەن, يارەب.

سەلەۋات، سالام بىلەن بەركىتىنى يەتكۈزگىن ھەبىبىڭگە،
ۋە ھەمدە ئالى ئەسھابىڭگە ھەر ئانىڭ بىلەن, يارەب.

* * *

زىندان نەقەدەر ئازابى كۆپ جايى جەھىم،
قۇتقاز مېنى بۇندىن ئى خۇداۋەندە كېرىم.

بىتتى ئېزىلىپ سەبرە قارارىم, يارەب،
رەھىم ئەيلە بۇ ھالىمگە رەھمانىررەھىم.

يارەب ئېغىرلاشتى قىيىن ئەھۋالىم،
تاشلاپ مېنى قاچتى ئامەتۇ ـ ئىقبالىم،

ئۆمرۈم دائىم ئۆتەرمۇ ھەسرەت بىلەن,
ياكى ئېچىلارمۇ بەختۇ ـ ئىقبالىم.

يارەب ھامان ھەقىر ئىنساندۇرمەن،
ھەرقايسى زامان ئەسىر زىندانىدۇرمەن.

ئارمان بىلەن دۇنيادىن ئۆتەرمەنمۇ دەپ،
غەم ـ قايغۇ ئارا ھەسىر ئەرمانىدۇرمەن،

تەڭرىم مەن گەرچە زور گۇناھكاردۇر مەن,
زىندانى يەسىر ھەقىر جاپاكار دۇرمەن.

(مەن مۇز تەر[10] ـ مۇزتەرىب[11] جاپاغا سازاۋەردۇرمەن،
پەزلى ـ كەرىمىڭگە بەك ئۇمىدۋاردۇرمەن).

ئەلەم بىلەن غەم سولاقنى زىندان،
جاپادا ماتەم سىباقى زىندان،

زەھەرگە ھەمدەم سوراقى زىندان،
راسا جەھەننەم سىياقى زىندان،

بولۇپ زىندان مېنىڭ جايىم ـ سارايىم،
يېتىپ غەم قايغۇدا ئۆگدى چىرايىم،

ئەجەپ كۈنلەرگە قالدىم خۇدايىم،
ئۆتەرمەنمۇ بۇ كۈنلەر ئىچرە دائىم.

جاپاكارلىق بىلەن قايماقتا باشىم،
كۆزۈمدىن قان بولۇپ ئاقماقتا ياشىم،

تاپالماستىن تىلەكداش ئارقاداشىم،

ماڭا يارۇ - يۆلەك دەرت قاياشىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم ئىشەنچىم ئېتىمادىم[12]،
ساڭا باغلىق ھەقىقى ئېتىقادىم،

تۆكەرمەن دەرگاھىڭگە ئاھ دادىم،
تىلەرمەن سېغىنىپ سەندىن مۇرادىم،

ئۈمىدىم ئۆشبۇ زىندانىدىن نىجاتىم،
ھەقىقى بەختىيار ئەركىن ھاياتىم.

ۋەتەن مىللەت ئۆچۈن مەھكەم سۇباتىم،
بولۇپ تارىختا قالسۇن ياخشى ئاتىم.

ئىگەمسەن ئى كەرەملىك بىرۇ بارىم،
كۆرۈپ تۇرماقتا سەن بۇ ئاھ زارىم.

چىدارگە قالمىدى سەۋرۇ - قارارىم،
ئۆزۈڭ رەھىم ئەيلىگىل پەرۋەدىگارىم.

مېنىڭ يوق چارەم دەرمان ئامالىم،
ئۆزەڭ ئوڭلاپ تۈزەتكەيسەن مائالىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم بۈيۈك قادىر ئىلاھىم,
ئىگەم سەن ئى ھەقىقى پادشاھىم.

كەرەم ئەيلەپ كەچۈرگەيسەن گۇناھىم,
ئۆزۈڭ غەمخارىم ۋە پۇشتى ـ پاناھىم.
ھېكمەتلىك سۆز
ھەقىقى دوستۇ سادىق گەر زەھەر سۇنسا شېكەر دەپ بىل،
مەگەر دۈشمەن ساڭا ئەپلەپ شېكەر سۇنسا زەھەر دەپ بىل.
زىيان يەتكۈزسە دوستۇڭ پايدا دەپ بىل كۆڭلى تۈز بولغاچ،
شۇنىڭدەك دۈشمىنىڭ گەر پايدا يەتكۈزسە زەھەر دەپ بىل.
سەبەبكىم ھەر بىرىنىڭ سەن ئۈچۈن سىرلىق نىشانى بار،
نە ئىشلار بولسەلەر ئويلاپ نىشانىغا ئەسىر دەپ بىل.
ياۋغا مەن باش ئەگمىدىم
شىر بولۇپ يولۋاسقا مەن يول بەرمىدىم،
قانچە يىللار ئازاپ تارتىپ تەۋرەنمىدىم.
گەر ئۆتسىمۇ ئۆز بېشىمدىن ئېغىر كۈنلەر،
ۋەتەن ۋە دىن, مىللەت دەپ ياۋغا باش ئەگمىدىم.

ئىستىبدات زورلۇق، شەرمىسىز باسقۇنچىلىق،
ئالەمو ـ ئىنسانىيەت گۈلزارىغا بۇزغۇنچىلىق.
ئەركىن ئازات ياشىماق ئىنسانىيەتنىڭ شانىدۇر،
شۇم زەھەرلىكدۇر بۇيولغا كىم قىلۇر توسقۇنچىلىق.

ئىنسانلا ئۈچۈن ئىنسان قۇرماقتا تۇزاق قاپقان،
ھەر ياقتا ئىغىر ئەرمان، بەك ئاز تىپىلۇر دەرمان.
ھەرقايسىدا بىر دەۋا دەۋاسى قۇرۇق ئىغۋا،
گاھ شوھرەت، گاھ رەسۋا بولماق بىلەن ھەر دەۋران.

دەۋاسى ئادالەتتۇر، ئىجراسى رىزالەتتۇر،
غەۋغاسى جاھالەتتۇر، ئۇل ھەيران بول ۋەيران.
بىتسۇن، قۇرسۇن دۇنيا، كۆيسۇن، تۈگىسۇن دۇنيا،
ھىچ ياشىمىسۇن دۇنيا، شۇ چاغدا پۈتەر ئارمان.
مۇبالىغە
ئاھ ئۇرار بولسام جاھاننى ئۇچقۇنى كۆيدۈر گۈسى،
ياش تۆكەر بولسام زىمىننى دولقۇنى چۈمدۈرگۈسى.
بۇ نە ھىكمەت؟ بۇ نەسىر؟ سانسىز تۇمۇغ، چەكسىز دىڭىز،
قانغا تولغان يۈرىكىم ئىچرە سىغىپ جىم تۇرغۇسى.

يېرىلاركەن بۇ يۈرەك ئالەم خاراپ بولغاي تامام،
زور قىيامەت دەھشىتىنى شۇل ھامان كەلتۈرگۈسى.
لېكىن بۇ ۋەيرانچىلىقتا ھىممىتىم يول قويمىغاي،
تىنچلىقنىڭ پاسىۋانى غەيرىتىم تىندۇرغۇسى.

ھىممىتىم ئالىي بۈيۈك، ئۆتكۈر توسالغۇ يوق ئاڭا،
غەيرىتىم ئالدىدا تۈرلى كائىنات بوي سۇنغۇسى.

* * *

ئەزىز ئۆمرۈم ئۆتتى يىللار زىندانىدا،
كېچە كۈندۈز قايغۇ ـ ھەسرەت ئارمانىدا،
ۋەتەن ۋە مىللىتىم دەپ قايغۇرۇپ،
زار قاخشاپ ئۆتمەكتىمەن پىغانىدا.

ئەركىن ئازاتلىقتا چىقماي مىللىتىم،
قۇللۇق بىلەن ئۆتەرمۇ دەپ جاھاندا،
شول غەم بىلەن كۆزۈم قانلىق ياش تۆكۈپ،
يۈرەك باغرىم ئاھۇ ـ پەريات ئۇرغاندا.

بارچە مىللەت تۇرۇپ غەپلەت ئۇيقۇدىن،
باش كۆتۈرۈپ كۆرۈشمەكتە ھەريان‍دا،
بارلىقىنىڭ تىلەك مەقسەت ئارمانى ئەركىن ـ
ئازات ياشىماقلىق نىشاندا.

نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئەزىز مىللىتىم،
باش كۆتەرمەي ياتار ھەر بىر دەۋراندا،
خابۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ،
چاچراپ تۇرار ۋاقتى كېلەر قاچاندا!

ئۇيالماسمۇ، ئويلانماسمۇ مىللىتىم،
گۈلزارىنى قارغا ـ قوزغۇن باسقاندا،
جادۇگەرلەر ئۇرۇپ قىيناپ قان شۇراپ،
ئىزىش، يۇتۇش پىلانىنى قۇرغاندا.

كۆز ئاچماستىن ئويغانماستىن ياتارمۇ،
شۇم ئاسارەت پاتقىقىدا ھاماندا،
خارۇ ـ زارلىق ھاقارەتلىك ئاسارەت،
زەنجىرىدىن بوشىيالماي تۇماندا.

ئار ـ نومۇس قىلماسمىكىن مىللىتىم،
مۇنداق شۇملۇق ھاياتتا جان باقماقتا،
ئويغاناماسمۇ ئوڭلاناماسمۇ مىللىتىم،
شۇم جادىلەر توزاقىغا ساپقاندا.
ياشلىققا دائىر
ياشلىق ئۆمۈرنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغى،
قاينام ھاياتنىڭ بەك كۆركەم باغى،
ھۆرلۈك گۈلزار باغنىڭ مېۋىسى،
ۋىجدان تېنىدۇر ھىممەت ياپرىقى.

ياشلىق زور نېمەت بۈيۈك غەنىمەت،
بۇ غەنىمەتنىڭ قەدرى بەك قىممەت،
مىللەت ۋەتەنگە تەقدىم قىلغاندا،
ئىرور ئەڭ شانۇ ـ شەرەپلىك ھىممەت.

ھەركۈن تارىختىن ئۇچار بىر ۋاراق،
ھايات شاخىدىن چۈشەر بىر ياپراق،
ياشلىق دەۋرانى شوخلۇق جەريانى،
شۇل ھايات ئۈچۈن ئەڭ خۇشبۇي پۇراق.

ياشلىق بىر ياقتىن ئۆتكۈر كەسكىنلىك،
جۇنۇن ئارىلاش شۇخلۇق ئەركىنلىك،
سۇندۇرالمايدۇ ياشلىق روھىنى،
تۈرلى خام - خىيال قىسمەن قىينلىق.

ئوتتەك يالقۇنداپ ياشلىق مەزگىلى،
ئاچىلىپ تۇرغاي خۇش ھىدلىك گۈلى،
ئەڭ شانۇ - شەرەپ ھەر بىر ياش بىلسۇن,
ۋەتەن مىللەتنىڭ ئۆتكۈر بۇلبۇلى.

ياشلىق ھاياتنىڭ شەرەپ - شانلىرى،
ياشلار مىللەتنىڭ ئارسلانلىرى،
ۋىجدانلىق ياشلار ھەققانىيەتلىك،
جەڭ مەيدانىنىڭ قەھرىمانلىرى.

ياشلارغا باغلىق ئامەت ۋە ئىقبال،
بەختلىك ھايات پارلاق ئىستىقبال،
بولسۇن ياشلارنىڭ مەقسەت - نىشانى،
ئەركىن ئازاتلىق ھۆرلۈك ئىستىقلال.

بۇ مەقسەت نىشان ۋىجدانى تەلەپ،
ئەمما يوللىرى غايەت مۇرەككەپ،
بۇ يوللار بىلەن ئوبدان تونۇشۇپ،
بېسىپ ئۆتۈشكە زىندان بىر مەكتەب.

زىندانى ياتاق ئاجايىپ سىناق،
تۇرمۇشى ئېغىر تەجرىبە ساۋاق،
زىندان كۆرمىگەن دەردىن بىلمىگەن،
هايات قەدرىگە چۈشەنمەس بىراق.

هەرقانداق بىر ياش زىندانىنى كۆرەر،
ۋەتەن - مىللەتنىڭ قەدرىنى بىلەر،
ئەركىن ئازاتلىق هاياتنى ئويلاپ،
ۋىجدانى قايناپ، يۈرىكى كۆيەر.

ۋىجدان ئەسلىتەر مەقسەت - نىشاننى،
چىقرىپ تاشلار قۇرۇق ئارماننى،
ئەركىن - ئازاتلىق يولىدا ۋىجدان،
كۆزلەر هەققانى كۈرەش مەيداننى.

پارتلايدۇ كۆرەش شۇل چاغ بىر تۇتاش،
ئىنسانى ھوقوق ئۈستىدە تالاش،
باسقۇنچىلارنىڭ زۇلمىگە قارشى،
تۇرغاي قوزغىلىپ ھەر بىر قېرى - ياش.

گۈللىنەر شۇل چاغ ياشلارنىڭ رولى،
ئۇتۇق قازىنار ھەققانى يولى،
ئوتلۇق يۈرەكلەر يالقۇنلىرىدىن،
پىشىپ تاۋلىنار جىسمى پۈت - قولى.

ياشلىق جەريانى مەۋسۇمى باھار،
كۆڭۈللۈك گۈزەل رەڭگارەڭ گۈلزار،
تېخمۇ ياشناپ تېخمۇ گۈللەپ،
بولۇر بۇ گۈلزار ياشاشقا مادار.

ياشلىق ھاياتنىڭ كۆركەم زامانى،
شانۇ - شەۋكەتلىك گۈزەل دەۋرانى،
يالقۇنلاپ تۇرغاي ئەزىز ياشلارنىڭ,
ئوتلۇق يۈرىكى ئۆتكۈر ۋىجدانى.

ياشلار ئىلكىگە قەلەم ئالغاندا،
تىرەن ئىلهاملار كېلەر يازغاندا،
بايراق كۆتىرىپ جەڭگە ئاتلانسا،
چاقماق چاقنىتار قىزىل مەيداندا.

ياشلار جىسمانى قابىلىيەتلىك،
روھىي ۋىجدانى ئۆتكۈر خىسلەتلىك،
بولسۇن ياشلاردا مىللىي ھېسسىيات،
بولغۇسى شۇل چاغ زور پەزىلەتلىك.

ياشلىق گۈللىرى نەدىن ئىبارەت -
يەنى ۋىجدان، ھىممەت، جاسارەت،
ۋەتەنگە كۈيۈش، مىللەتنى سۆيۈش،
شۇل خۇشبۇي گۈللەر ئۈچۈن بىشارەت.

قىسقىسى ياشلىق بۈيۈك ئىپتىخار،
ئەمما گەردەندە ئىككى بۇرچى بار،
مىللەتىن ئازات ۋەتەنىن ئاۋات،
ئەركىن ياشاشتىن ۋىجدانى شۇئار.

بولسۇن ھەر بىر ياش ئالىي نىيەتلىك،
دىن ۋە دىيانەت ھەققانىيەتلىك،
مىللىتى ئۈچۈن بولۇر ئىپتىخار،
ۋىجدان ئىگىسى ئىنسانىيەتلىك.

ياشلىق ھاياتىنىڭ زىبۇ - زىننىتى،
ئەركىن ھۆر ياشاش مۇھىم خىسلىتى،
ئەركىن ئازاتلىق ھەر بىر ئىنساننىڭ،
ۋىجدانى قەرزى ئەسلى سۈپىتى.

ئەزىز ياشلىرىم ياشاڭلار ئازات،
شانۇ - شەۋكەتلىك تارىخى ئەۋلاد،
ئارسلان يەڭلىغ قەھرىمان ئەجداد،
ئەرۋاھلىرىنى ئەيلىگىزلار شاد.

يۈزىگىزلارنى ياخشى ئاقلاڭلار،
تارىخىڭلارنى ئۇبدان ساقلاڭلار،
ۋەتەن، مىللەتنى جان - دىلدىن ئاسراپ،
ھەققانى يولنى دائىم ياقلاڭلار.

ئەزىز ياشلىرىم بولۇپ مەردانە,
ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن گويا پەرۋانە،
قۇرۇق ئوي بىلەن خام تاما قىلىپ،
بولۇپ قالماڭلار ھەيران ۋەيرانە.

ئەزىز ياشلىرىم غەيۇر ئارسلان،
ياۋلەرگە قارشى جەسۇر قەھرىمان،
باسقان ئىزىدىن ياناماس ئوت يۈرەك,
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن مېھرىبان.

ئەزىز ياشلىرىم ئۆتكۈر ۋىجدانلىق،
ئىسلام دىنىنى سۆيەر ئىمانلىق،
مەھكەم ئىرادە قەيسەر نىشانلىق،
مانا شۇل ئۆلگە تولۇق ۋىجدانلىق.

ئەزىز ياشلىرىم بولسۇن بەختىيار,
دېگەن تىلەكتە غايەت ئۇمىتۋار،
بولغاچ "ئەزىزى" ياشلار شەنىگە,
يېزىپ ئەشئار[13] قىلدى يادىكار.

ئەرزى هال

ئۇلۇغ تەڭرىم ئىگەم سەن, زور بالالەرگە دۇچار ئولدۇم،

يېتىپ زىندان ئارا هەر خىل هاقارەتلەردە خار ئولدۇم.

ئېزىلگەن دەرتمەن بىچارە مۇزتىر مۇزتەرىبتۇرمەن،

تەرەههۇم ئەيلە, يارەب هالىمە بەك بىمادار ئولدۇم.

ئىلاهىم پادشاهىم سەندىن ئۆزگە هېچ پاناهىم يوق،

تىلەپ فەزلى ـ ئەتايى رەهمىتىڭگە ئىنتىزار ئولدۇم.

گۇناهىم يائىلاهىم دەرگاهىڭدا بەك ئېغىر، ئەڭ كۆپ،

جاپاكار بەختسىز بولغانلىقىمدىن شەرمىسار ئولدۇم.

ۋە لېكىن رەهمىتىڭ چەكسىز، هېسابسىز بەكمۇ كەڭ بولغاچ،

بۇ سانسىز رەهمىتىڭدىن بەهرىۋەرلىك يول ئاچار ئولدۇم.

بۇ ئاسى جاپى قۇلنى يا ئىلاهىم سەن ئۆزۈڭ ئاسراپ،

بالالەردىن قۇتۇلدۇرغىل كۆيۈپ ئوتتەك يانار ئولدۇم.

بۇ زىنداندىن نىجاتلىق، ئەركىن ـ ئازاد، كەڭ هاياتلىق بەر،

ئەسرى زىندان ئولغاچ ئەركىن ئازاتلىققا زار ئولدۇم.

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئازاد ـ ئەركىن، بەخىت ئىقبال،
سائادەتلىك ھاياتنى ئويلىنىپ مەجنۇنى ۋار ئولدۇم.

ئۆزەڭ سالغان ماڭا بۇ دەردۇ ـ سىرنى سەن ئۆزۈڭ ئوڭلا،
كى مەن بىچارە بولغاچ زار قاخشاپ ئاھ ئۇرار ئولدۇم.

ۋە لېكىن رەھمىتىڭدىن يا ئىلاھىم بولمىدىم نائۇمىد،
ھەمىشە دەرگاھىڭغا كۆز تىكىپ ئۇمىتۋار ئولدۇم.

سېنىڭ بەندەڭ، ھەبىبىڭ ئۈممىتى، تۈرك نەسلى, ساپ مۇسلىم،
يارالغانىم ئۈچۈن شانۇ شەرەپلىك ماختىنار ئولدۇم.

سىرۇرىمنىڭ غىرۇرى يافەلەك كەج رەۋلىقىدىنمۇ،
نەدىندۇر ئىززىتى نەفسىم يوقاپ بىئېتىۋار ئولدۇم.

قېچىپ ئىقبال مەندىن قورشىدى ئەدبار بەختىمنى،
بولۇپ مەن شور پىشانە ياخشىلىق مەندىن قاچار ئولدۇم.

تولۇق ئىنسانىيەت مەيدانىنىڭ بىر ئارسلانى ئىدىم،
بىناگاھ مايمۇن، ئىتلەر ئەسىرى خاكىسار ئولدۇم.

ئۇلۇغ ئازادە ئەركىنلىك ھاۋاسىدا ئۇچار شۇڭقار ئىدىم،
ئەپسۇسكى شۇم قۇش قارغا - قوزغۇنگە شىكار ئولدۇم.

ماڭا بۇ قايغۇرلۇق ئەھۋاللار ھەرگىزمۇ داۋام قىلماس،
كېلۇر ئىقبالۇ - بەختىم دەپ كۆڭۈلنى تىندۇرار ئولدۇم.

ئۇلۇغ تەڭرىم ئىگەم قۇدرەت كامالىگە ئىشەنگەچ مەن،
تىلەك ئارمانلىرىمنى خاس ئۆزۈڭدىنلا سورار ئولدۇم.

ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىمگە ئېگىلمەسمەن، يېلىنماسمەن،
تامامى كارۇ - بارىمنى ئۆزۈڭدىنلا سورار ئولدوم.

ئۆزۈڭسەن فائىلۇ مۇختار ھېكىمۇ ۋاھىدۇل قەھھار،
ئۆزۈڭ سەن مېھرىبان غەمخار ئۆزۈڭدىن يول ئارار ئولدۇم.

قۇلۇم ئۇشلاپ، باشىم ئوڭلاپ، ھىدايەت راھىنى[14] كۆرسەت،
چىقالماي خارۇ - زىللەت پاتقىقىدىن بۇلغىنار ئولدۇم.

مېنى بۇ خارۇزارلىقتىن ئۆزۈڭ قۇتقازمىساڭ, يارەب،

ھالاكەتلىك پالاكەتلەر ئىلكىدە ئايلىنار ئولدۇم.

سېنىڭ بارۇ بىرلىككىڭگە مەن ئىشەنگەن بىر قۇلۇڭ ئەردىم،

ساڭا مۇنكىر نىجىسلار قوللىرىدا قىينىلار ئولدۇم.

ئەجەلنىڭ شەربىتىن ئىچمەي تۇرۇپ كۆردۈم قىيامەتنى،

پۈتۈنلەي خانىدانۇ ـ جان ۋە مالدىن تار ـ مار ئولدۇم.

ئۇلۇغ تەڭرىم قۇتۇلدۇرغىن مېنى بۇ نېجىس شۇملەردىن،

چىدارغا سەبرى تاقەت قالمىغاچ بەك بىقارار ئولدۇم.

”ئەزىزى“ دەر ھەبىبىڭ ھۆرمىتى رەھىم ئەيلىگىل, يارەب،

ئاسارەتتىن نىجاتلىق بەر دېمەكلە زارلىنار ئولدۇم.

* * *

ئېزىز باشىڭ ناھايەت غەمگە توشتى,

كۆزۈڭ قان ئاققۇزۇپ ماتەمگە توشتى،

چېكىپ زىندان ئارا ھەسرەت ـ نادامەت،

سۇنۇپ روھىڭ بۆلەك ئالەمگە ئۆتتى.

يۈرەكلەر دەرت ـ ئەلەمدىن يارىلىقتا،

جىگەر غەم غۇسسەلەردىن مىڭ پارىلىقتا.

سىقىلغاچ جان، ئېزىلگەچ تەن كېسەلدىن,

پۈتۈن ئەزالىرىڭ ئەۋارىلىقتا.

## شۇم ئاسارەت

شۇم ئاسارەتتىن ئۆزۈڭنى مىللىتىم ئازات قىل،

ئۆز قولۇڭ بىلەن ۋەتەننى گۈللىتىپ ئاۋات قىل.

زۇلمى ئىستىبداتقا قارشى كۈرىشىپ غەيرەت بىلەن،

ھۆكۈمرانلار تەختۇ ـ بەختىنى ئاغدۇرۇپ بەرباد قىل.

پاك ۋىجدان ئەھلى شىرىن يارىدۇر ئەركىنچىلىك،

سەن ئۆزۈڭنى ئۇشبۇ شىرىن يار ئۈچۈن پەرھاد قىل.

مۇستەقىل ھۆرلۈكنى ئۆز ئىلكىڭگە كەلتۈرمەك بىلەن،

تارىخىڭنى ئاقلىبان غەمكىن دىلىڭنى شاد قىل.

سەندىن ئۆزگە بارچە مىللەت باش كۆتەردى ئويغىنىپ،

ئۆز ھوقوقىگە ئېرىشتى ئەھلى مىللەت ياد قىل.

ئار ـ نومۇس، خارلىق ئىنسان ئۈچۈن غەمكىن ياشاش،

خارۇ زارلىق ياتقىنىڭغا ئارلىنىپ پەرياد قىل.

ئارسلان يەڭلىغ ئۆزۈڭنى ئات كۈرەش مەيدانىگە ياۋگە،
قارشى توغرا ۋىجدان تىغىنى شەمشاد قىل.
بولمىغاي ۋىجدان كەبى ئىنسان ئۈچۈن ئۆتكۈر قۇرال،
شۇل قورال بىلەن ۋەتەننى مىللىتىم ئازاد قىل.

بەخىت ـ ئىقبال، پارلاق ئىستىقبالنى كۈتسەڭ مىللىتىم،
ھىممەت، غەيرەت، جاسارەت، سەئى ئىستىئداد قىل.
ئۆز ـ ئۆزىدىن پۈتمىگەي ھىچ ئىش سەۋەب قوللانمىسا،
پاك ۋىجداننى سەۋەب ھۆرلۈك ئۈچۈن بۇنيات قىل.

ئەي "ئەزىزى" ھىممەت، غەيرەت، جاسارەتلىك بولۇپ،
ئەركىن، ئازاد ھۆر ياشاش گۈلزارىنى ئاۋات قىل.
ھەر جاننى تاماشا قىل، ھەر ساننى تاماشا قىل،
كۆرگىل كىچە ـ كۈندۈزنى، ئاي ـ كۈن بىلەن يۇلتۇزغا،
تاغۇ ـ تاش بىلەن تۈزنى...ئىمكاننى تاماشا قىل.

تارىخ

كۆيۈپ ھەسرەت ئوتىدا ئاھ ئۇرۇپ يەپ قايغۇ ـ غەملەرنى،
كەچۈردۇق باشىمىزدىن تۈرلى كۈلپەت دەردۇ ـ ئەلەملەرنى.

كۆز ئاچماي، باش خابۇ غەپلەتتە يېتىش بىلەن،
ھاقارەتلىك ئاسارەتتە چېكىپ زۇلمى سىتەملەرنى.

ۋەتەن ـ مىللەتنى شۇم باسقۇنچىلارغا باستۇرۇپ قويغاچ،
ئېزىلدۇق، خار ـ زار ئولدۇق تېتىپ سۈنئى ئۆلۈملەرنى.

گۈزەل گۈلزارىمىزنى قارغا ـ قوزغۇنلار ئوراپ ئالغاچ،
زەھەرلەپ قويدى ئەركىن ساپ ھاۋا باغ ۋە ئەرەملەرنى.

تىنالماي، دەم ئالالماي ئاھ تارتىپ زارلىنىپ قاخشاپ،
تۆكۈپ ياش ئورنىغا قانلار قۇرۇتماي كۆزدە نەملەرنى.

ھالال ئاش ـ نانىمىز ھەم قانىمىز ھەم جانىمىز بىرلە،
كۈتۈپ كەلگەن ئىدۇق يۇھا مەرەز، ئىپلاس تۆرەملەرنى.

بۇ شۇملەر بىزنى تۈرلى يول بىلەن قىيناپ ئازاپلەردە،
ئېغىر ئالۋاڭ ـ ياساق، تۈرلى سېلىق، ھەرخىل تۆلەملەرنى.

يۇتۇپ بىزنى يوقاتماق پىكرىدە بۇ نەس ئاپەتلەر،

ياساپ تۈرلى زەھەرلىك پىلان، يالغان ھەشەملەرنى.

ئۇلۇغ جەننەت ۋەتەن تۇرانىمىزنى بۇ زەھەر شۇملار،
بېسىپ بولغاپ، بۇزۇپ جەننەتتىكى نازۇ ـ نەئەملەرنى.

يۇتۇپ بىزنى قۇرۇتماقلىق ئۈچۈن ئەۋۋەلقى باسقۇچتا،
يۇقاتتى، قىردى، ئاتتى، چاپتى مىللىي مۆھتەرەملەرنى.

قۇرۇپ ھەدسىز ـ ھېسابسىز شۇم پىلانلارنى بۇ مەلئۇنلار،
بوغۇپ ھەر يول بىلەن ئەركىن نەپەسنى، سىقتى دەملەرنى.

چىدارغا سەبرى ـ تاقەت قالمىغاچقا قوزغىلىپ ئاخىر،
كۈرەش مەيدانىغا ئاتلاندۇق تۇتۇپ بايراق ـ ئەلەملەرنى.

ئېزىز جاننى ئېلىپ ئالقانغا ۋىجدانى كۈرەش ئەيلەپ،
تونۇتتۇق يەر يۈزىگە ئۇشبۇ تارىخ ـ رەقەملەرنى.

يۇقاتتۇق بىز قېلىن باسقۇنچى، نەس ۋە شۇم قەۋملەرنى،
قۇرۇتتۇق بىز جان ۋەتەندىن بىز قان ئىچكۈچ مۇتەھەملەرنى.
1963- يىل

مېھرىبان ئانام ئۈچۈن

ئۇلۇق تەڭرىم ئامان ئەيلەپ كۆرۈشتۈر ئانا جانىمنى،
كۆيۈملۈك مېھرى ـ شەپقەتلىك ھەقىقى مېھرىبانىمنى.
زامانلاردىن يېتىپ زىندان ئارام غەم ـ قايغۇ ھەسرەتتە،
سېغىندىم جان ئانام باشلىق تامامى خاندانىمنى.

بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن دائىم، كۆڭۈل بۈلگەن ماڭا غەمخور،
جىگەر ـ باغرىم قېرىنداشىم ۋاپادار قەدىردانىمنى.
شۇنىڭدەك ئەھلى ـ ئەۋلادىم، پۈتۈن ۋىجدانلى قانداشىم،
ئوشول تارىخى نەسلىم، يەئنى ئوغلۇم ـ ئارسلانىمنى.

ۋەتەنىنىڭ بىر گۈلى ھەم مىللىتىمىنىڭ بۇلبۇلى ئەردىم،
پەلەككىم، زۇلفى... غەم ـ غۇسسە قىلدى شادىيانىمنى.
مەن بۇلبۇل ئۈچۈن بۇ شۇم زەھەر جۇت قىش تۇمان دەۋرى،
قىلىپ قۇيدى تۆمۈر تورلۇق قەپەز قونغان ماكانىمنى.

مېنى تۈرلۈك ئەزىيەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، دەرت ـ ئەلەم، غەملەر،
ھۇجۇم ئەيلەپ ئوراپ ئالماق بىلەن ھەربىر تامانىمنى.

چىدارغا سەبرە ـ تاقەت قالمىغاچ بەك بىقارار ئولدۇم،
بالايى هادىسە بەرباد قىلدى ئويلىغانىمنى.

ماڭا بۇ شۇم قەپەز، بۇ خارۇ ـ زارلىق دائىمى بولماس،
كېلۇر پەسلۇ باهار شۇل چاغ تاپار مەن گۈلىستانىمنى.
هامان بىر نۇقتىدا تۇرمايدۇ تارىخ چەرخى شەكسىز دەپ،
ئۇمىد ئۈزمەي كۈتۈپ تۇرماقتىمەن مەقسەت نىشانىمنى.

هاقارەتلىك ئاسارەتتىن قۇتۇلغان ياخشى دەۋراندا،
نە يەڭلىغ قارشى ئالۇرمەن ئەركىن ـ ئازاتلىق زامانىمنى.
ئۆزەڭ رەهىم ئەيلىگىل تەڭرىم مەن بىچارە مۇزتەرگە،
ئۆزۇڭ ئوڭلاپ، باشىم رۇسلاپ مېنىڭ بۇ شۇم پىشانەمنى.

ئىلاهىم مەن ئۈچۈن سەندىن بۆلەك باشقا پاناهىم يوق،
قۇتۇلدۇر، رەهمە ئەيلەپ ئۇشبۇ زىنداندىن بۇ جانىمنى.
ئۇزۈڭ ئاسراپ مېنى فەزلى كەرەم بىلەن بالالەردىن،
مۇيەسسەر ئەيلىگىل, يارەب مېنىڭ ئەمىن ئامانىمنى.

گۇناهىمنى كەچۈر، ئەپۇ، رەهمەت، مەغفىرەت ئەيلەپ،
ئۆزۈڭ ئەسلىگە كەلتۈر گىل بۇزۇلغان ئاشيانىمنى.

ئىجاۋەت قىل دۇئايىمنى ھەبىبىڭ ھۆرمىتى, يارەب،
ماڭا تەۋفىق بېرىپ بۇ يولدا سايراتقىل زوۋانىمنى.

ئەزىزى زار قاخشاپ دەرگاھىڭگە تەلمۈرۈپ ئېيتۇر،
ئىلاھىم ياخشىلىققا ئۆرىگىل ھەر بىر يامانىمنى.
ئۆزۈڭ ئاسراپ مېنى تۈرلى بالالەردىن خالاس ئەتكىل،
مۇيەسسەر ئەيلىگىل, يارەب مېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانىمنى.

ھىممىتىم

ھىممىتىم پاك, نىيىتىم شان ـ شەرەپنى تولدۇرۇش،
مىللىتىمگە يېڭى باشتىن ئەركىن ـ ئازادە يول قۇرۇش.
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى بولغان مۇقەددەس ۋەتىنىم،
گۈلشىنىمنى ياشنىتىپ ئاۋات ئېتىپ گۈللەندۈرۈش.

تارىخى شان ـ شەرەپلىك مىللىتىم جانىم ئاتام،
ئەڭ مۇقەددەس ۋەتىنىم جانىم ئانامنى قايغۇرۇش.
ۋەتىنىمنى، مىللىتىمنى شۇم ئاياق باسقۇنچىلار...،
ئىلكىدىن جانلىق كۈرەش ئەيلەپ سالامەت قۇتقۇزۇش.

نەقەدەر نامۇس ۋە ئەپسۇس ۋىجدان ئەھلىگە،

ئاتىسىنى خار ئەيلەپ ئانىسىنى زارلاندۇرۇش.
ساپ قانلىق پاك ۋىجدانلىق يىگىتلەر بۇرچىدۇر،
ئاتا بىلەن ئانىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش.

شانلىق بۇرچۇمدۇر ئاتام بىلەن ئانامنىڭ خىزمىتىن،
توغرا ئىشلەپ رازى قىلغاچ ئەبەدىي شاتلاندۇرۇش.
ئاھ كىم خىزمەتلىرىنى كەلتۈرەلمەستىن بىجا،
بولدى ھالىم قاتمۇ ـ قات زىندان ئىچىدە ئولتۇرۇش.

ئۇشبۇ ھالغا چۈشكىنىمگە قايغۇرۇپ ھەسرەت چېكىپ،
كېچە ـ كۈندۈز زار قاخشاپ داد ـ پەرياد، ئاھ ئۇرۇش.
دەرت ـ ئەلەم، زۇلمى سىتەم، جەۋرۇ ـ جاپا، غەم ـ غۇسسىلەر،
مېنى ئەتراپلىق ئوراپ ھەسرەت بىلەن زارلاندۇرۇش.

كۆزلىرىم ياش ئورنىگە قان ئاققۇزۇپ ئەرمانلىرىم،
يۈرىكىمگە ساپ ۋىجدان ئوتلىرىنى ياندۇرۇش.
سۇندى كۆڭلۈم، چۈشتى روھىم، سىقىلىپ جان قىينىلىپ،
ئېزىلىپ تەن، بۇزۇلۇپ قان، باشنى غەم ئايلاندۇرۇش.

گەرچە مەن شۇ ھالغا چۈشسەممۇ ئۇمىدىم ئۈزمىدىم،

چۈنكى ۋىجدانىم نىشانىدۇر مېنى روھلاندۇرۇش.
جان تېنىمدىن چىققۇچە بۇرچۇم ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن،
كۆرسىتىپ ھەققانىيەت مەيدانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش.

گەر جېنىم تەندىن جۇدالاشقاندا ھەم روھىم ئۇچۇپ،
ئويغىتىپ ئەۋلادىنى ساپ ۋىجدان بىلەن جانلاندۇرۇش.
پەرز، ۋاجىب، قەرزدۇر جانىم تېنىم روھىم ئۈچۈن،
قەھرىمانىنى كەسكىن كۈرەش مەيدانىگە ئاتلاندۇرۇش.

جاننى قولغا، باشنى قولتۇققا قىسىپ كۆكرەك كېرىپ،
زۇلمى ئىستىبداتقا قارشى ئارسلان يەڭلىغ ئۇرۇش.
قەھرىمان شۇل ئىرۇر كىم مىللىتىن ئازاد قىلىپ،
ۋەتىنىنى مۇستەقىل ئۆز ئىلكى بىلەن باشقۇرۇش.

ئالىي ھىممەتلىك بىلەن غەيرەت ـ جاسارەت كۆرسىتىپ،
ھەرقىين مۈشكۈلگە بويسۇنماي ئۇنى بويسۇندۇرۇش.
ھەر جاپا تۈرلى بالانى ۋاقىتلىكتۇر دەپ بىلىپ،
سەبرە تاقەتلە يامانىنى ياخشىغا ئايلاندۇرۇش.

مانا شۇ مەيداندا مەن مىللەت، ۋەتەن دەپ ئاھ ئۇرۇپ،

پاك ۋىجدانىم ئوتىدۇر، يوق بۇ ئوتنى سۇندۇرۇش.
ئەي ”ئەزىزى“ پاك ۋىجداننىڭ نىشانى كەلگۈسى،
دىن، مىللەتنىڭ، ۋەتەننىڭ شەرىپىنى گۈللەندۈرۈش.

هايات

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ئەڭ شۇم هايات ئاسارەت،
خارۇ زارلىق ئاستىدا ئېزىلىشتىن ئىبارەت.
ئەركىن ـ ئازاد ياشىماق هەر بىر ئىنسان بۇرچىدۇر،
مەهكۇم، مەزلۇم كۈن كۆرۈش ئىنسان ئۈچۈن هاقارەت.

ئاسارەتكە كۆنمەيدۇ ۋىجدان ئەهلى هېچقاچان،
زۇلۇمغا بويسۇنمايدۇ ئەسلى نەسلى پاك ئىنسان.
كۈرەش قىلىۇر هەققانى ۋەتەن مىللەت يولىدا،
شەرەپ بىلۇر شۇنداق يولدا قۇربان بولسا ئەزىز جان.

گۈزەل چىمەن ۋەتەننى كىر باسسىمۇ قوزغۇنلەر،
يۈرگۈزسىمۇ زور بىلەن بۇلبۇللەرگە قىرغىنلەر.
ئاخىر بىر كۈن چېكىنىپ بوشىتىدۇ چىمەننى،
يۇها، مەرەز، شۇم ئاياق يۈزى قارا بۇزغۇنلەر.

شۇل چاغ سايرار بۇلبۇللەر ئەركىن گۈزەل باغلاردا،

تۇلپار دۇلدۇللەر يايرار خوشال ئۇ شۇل تاغلاردا.
ۋەتەن مىللەت گۈللىنەر مۇستەقىل، ھۆر كەڭ كۈشاد،
قالماس دىللاردا ئارمان مانا شۇنداق چاغلاردا.

نىشانىڭدىن ”ئەزىزى“ ئۇمىد ئۈزمە، قىل ھىممەت،
جان چىققۇچە تېنىڭدىن ھۆرلۈك ئۈچۈن قىل خىزمەت.
بىلگىل ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئىستقبالى پارلاقتۇر،
”ھەق ئىگىلەر سۇنماس“ دېگەن ماقال چىن ھېكمەت.
ھەسرەتلىك ھال
يۈرەكتىن ئاققۇسى زەرداپ بىلەن قان,
ئاياغ بەل دەردىدە قىينالغۇسى جان،
سىقىلغاچ يۈرەك ئازاپلانماقتا ھەر دەم،
بېسىپ ياتقان ئورۇن دەھشەتلىك زىندان.

ھوقوقىڭ ئىززىتى نەپسىڭ تۇرالدى،
ھاياتىڭ لەززىتى بىل كۆللى يو قالدى،
ھاقارەتلىك ئاسارەتنە ۋۇجۇدۇڭ,
ھەمىشە خار زىللەتكە ئورالدى.

جاھاندا خارۇ - زارلىق نامۇس، ئار,

رىزالەتلىك ھاياتتا نە شەرەپ بار؟
قۇتۇلماقلىق كېرەك ئىپلاس ھاياتتىن،
بولىۋەرمەي بالالەرگە گىرىپتار.

ئۇزۇن يىللار بويى زىنداندا ئۆتتۇڭ،
ۋەتەن مىللەت دېگەن ئارماندا ئۆتتۇڭ،
ھەمىشە قايغۇ ھەسرەت، دەرت ـ ئەلەملىك,
جاپاكار، بىۋاپا دەۋراندا ئۆتتۇڭ.

ئېغىر زۇلمى ئەزىيەتتە بېسىلدىڭ،
ئاسارەت ئاستىدا قاتتىق ئېزىلدىڭ،
سېنى ئورىغاچ ۋىجدانى ئازاپلار,
چۇشۇپ روھىڭ سۇنۇپ قاتتىق سىقىلدىڭ.

كىشى دۇنيادا سەندەك بولغىنى يوق،
سېنىڭدەك كۆكسى قانغا تولغىنى يوق،
ئېزىز مىللەت، ئۇلۇغ تۇپراق ۋەتەن دەپ,
كۆيۈپ زىندان ئارا قىينالغىنى يوق.

بوشاتقىل ئەمدى تارتىشماي جاھاننى،

دېمەك قۇربان قىلىپ بەرگىل بۇ جاننى،
يوقاپ كۆزدىن ۋەتەن ئەسلى ئاناڭنىڭ,
كىرىپ كۆكسىدە تۇتقىل سەن ماكاننى.

ئاناڭنىڭ ۋارىسىدۇرسەن ئۇشۇل چاغ،
بىرىككەي ئۇستىخانىڭ بىرلە تۇپراق،
”ئەزىزى“ سەن بېسىپ ياتقان يېرىڭدىن,
ئۈنۈپ كۆكلەپ چىقار ھۆر غۇنچە - ياپراق.

## ئاسارەت

ئاسارەت زەنجىرى قالماي ئۈزۈلسۇن،
جاھان ئەھلىگە ئەركىنلىك تۈزۈلسۇن،
پۈتۈن دۇنيادا تۇرمۇشنىڭ ھاۋاسى،
جىھانگىرلىك تۇماندىن سۈزۈلسۇن.

كۆتۈردى باشنى جاھان ئەھلى ئۇياندى،
يۈرەك باغرىدا ھۆرلۈك ئوتى ياندى،
ھەقىقى ئەركىن - ئازاتلىقنى كۆزلەپ،
كۈرەش مەيدانىدا قانغا بوياندى.

ھەممە مىللەت بولۇرلەر ئەركىن - ئازات,

ئېزىلگەن دىللىرى قىزغىن بولۇر شاد،
ئېلىپ ئىلكىگە ئىنسانى ھوقوقىن،
ئۇلۇغ تۇپراقلىرىنى قىلغاي ئاۋات.

ۋەتەن مىللەتكە ئىنسانى شۇئاردۇر،
كۆيۈنمەسلىك ئاڭا نومۇس ئاردۇر،
پىداكارلىق ۋەتەن مىللەت يولىدا،
بۈيۈك شان ۋە شەرەپلىك ئىپتىخاردۇر.

ۋەتەن مىللەت يولىدا قايتا تۇرماق،
يېتىپ زىنداننى ئىچىدە ئەھلى ئىنسان،
ئۇمىد ئۈزمەي قىلۇر مەقسەت يولىدا،
كۈرەش ئەيلەپ ئەزىز جاننى قۇربان.

ھەسرەت

قايغۇ ـ ھەسرەتلەر بىلەن زىندان ئارا ياتماقتا مەن،
زۇلمى كۈلپەت خارۇ ـ زارلىق ئاستىغا پاتماقتىمەن.

يەر يۈزىدە مەن كەبى بەختى قارا بولغانى يوق،
ھەر زامان ھەر دەۋرىدە تۈرلى جاپار تارتماقتىمەن.

ھەسرەتا ۋاھ ھەسرەتا دەھرىلەر دەۋرانىدىن،
داد - پەرياد شۇم زەھەر باسقۇنچىلەر زىندانىدىن.

يوق بۇ شۇم مەنھۇس مەلئۇنلەردە ھېچ ئىنسانىيەت,
زورمۇ - زور كەچكەي بۇلەر ھەققانىيەت مەيدانىدىن.

دىن، مىللەت ئۆچمىنى ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى،
خەلق بىزاردۇر بۇلەردىن كۆپنى زار لاتقانىدىن.

تۈرلى يالغان ھىلە - مىكىر بىرلە دۇنيا خەلقىنى،
ئالدىماقلە پايدىلانماقتە بولدى ئالدانغانىدىن،

سادde يوقسۇللارگە تۈرلى پىتنە ئېغۋالەر سېلىپ،
تۇغدۇرۇپ بىر - بىرسىگە ئۆچمەنچىلىك ھەريانىدىن.

قانچە يىللار، قانچە ئەللەر ئالدىنىپ ئەگەشسىمۇ،
ئەمدى كەچتى ئەگىشىشتىن تويدىلەر ھەر ئانىدىن[15].

تونىغاچ، بىلگەچ جاھان ئەھلى بۇلارنىڭ شۇملۇغىن،
تازىمۇ كەچتى بۇلەردىن، قاچتى بۇلەرنىڭ يانىدىن.

خەلق ئارا ھەسەت ـ نادامەت ۋە پۇشايمان قايىندى،
تور ـ توزاق قاپقانلىرىگە بايقىماي باسقاندىن.

كۆپچىلىك زارلانغۇسىدۇر بۇ شاياتۇن دەستىدىن،
بايقىماستىن تورلىرىگە ئورىلىپ قالغاندىن.

يوق بۇلەردە ئار ـ نومۇس، ھېچ بىر شەرمى ھايا،
شەكلى ئىنسان بولسىمۇ لېكىن بەتەر ھايۋاندىن،

بۇ نىجىسلەر ئىددىئاسى ھەممە نەرسە مۇشتەرىك[16] دەپ
كىشلەر مال ـ مۈلكىنى تالاپ ئالغاندىن.
مىللەتنى ئويغىتىش
مىللىتىم غەپلەت جاھالەت ئۇيقۇسىگە قانمىدىڭ،
بارچە مىللەت كۆز ئېچىپ ئويغاندى سەن ئويغانمىدىڭ.
خارۇ ـ زارلىق ئاستىدا مەھكۇم، مەزلۇم قۇل بولۇپ،
سەنمۇ مىللەت، سەنمۇ ئىنسان بولغىنىڭ ئويلانمىدىڭ.

ئويلا مىللەت تارىخىنىڭ بەك شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئىدى،
ئەمدى نە ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ، نىچۈن زارلانمىدىڭ.

مۇستەبىت باسقۇنچىلارغا باش ئېگىپ تەسلىم بولۇپ،
ئۆزلىشىپ كەتمەكچى بولغان شۇم خىيالدىن يانمىدىڭ.

بارچە مىللەت ئەركىن ـ ئازاتلىق كۈرەش مەيدانىدا،
ئاتلىنىپ جەڭنى قىزىتتى سەن تېخى ئاتلانمىدىڭ.
زۇلمى ئىستىبداتقا قارشى جان تىكىپ قان ئاققۇزۇپ،
يەتتىلەر مەقسەتلىرگە سەن ئامال قوللانمىدىڭ.

خارۇ ـ زارلىقتا ياتۇرسەن بولغىنىپ ھايۋان كەبى،
سەن بۇ خىلدا ياتقىلى ئىنسان ئەمەس ھايۋانمىدىڭ.
ئەسلى نەسلىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك تۈرك قانى تۇرۇپ،
ئار ـ نامۇسنى قويۇپ ۋىجدان سېتىشتىن يانمىدىڭ.

مىللىتىم ئۆتتى بېشىڭدىن خىلمۇ ـ خىل ئاچچىق سىناق،
ھېچ بىرىدىن سەن تۈزۈك ئىبرەت ئېلىپ ئويلانمىدىڭ.
قەھرىمان ئەجدادلارنىڭ ھەر قايىسى ئەردى ئارسلان،
ئەردىلەر سەن باشقا نەسلى يا بۆلەك بىر قانمىدىڭ.

مىللىتىم ئويغان، كۆز ئاچ، تۇر، باش كۆتەر ئىنسان ئىسەڭ،
ياكى سەن ئىنسانىيەتلىك شانىنى قويغانمىدىڭ.

ئار ـ نومۇس تۇرك ئىلىگە خارۇ ـ زار مەھكۇم ياشاش،
نە ئۈچۈندۇر مىللىتىم بۇ ھالغا سەن ئارلانمىدىڭ.

ئەي ''ئەزىزى'' ئاقلا تارىخىڭنى دۇنيا ئالدىدا،
تۇر، كۆزۈڭ ئاچ نىگە[17] غەپلەت ئۇيقىسىغا قانمىدىڭ.

ۋىجدان
پاك ۋىجدانلىق كىشىلەر تارىخى بولماس قاداغ،
شەرەپ ئىنسانىيەت شەنىگە يەتمەس قارا داغ.
قالغۇسى ۋىجدانلىق ئىنساندىن جاھاندا ياخشى نام،
شۇلدۇر ئىنسانى پەزىلەت، ئۆزگىسى شەكلى باغ.

مۈلكى ـ دۆلەت بولمىغاي ئىنسانغا ھەققانى سۈپەت،
ئەسلى ئىنسان سۈپەت ۋىجدان دىگەن ئۆتكۈر ياراغ.
بۇ ياراغ قەدرىنى بىلۇر ئىنسانىيەتلىك زاتلەر،
قايدا بىلسۇن دىلى كور، ئەقلى ھوشى ئاقساق ـ چولاق.

دۇنياغا كەلگەن كىشلەر ئىككى تۈرلى كۈن كۆرۈر،
بىرى مەھكۇم ئاسارەت بىرى ھۆر ئازادى چاغ.
شۈبھىسىز دەۋزەخ مىسالدۇر شۇل ئاسارەتلىك ھايات،

ئەركىن ـ ئازاتلىق ھايات جەننەت مىسالى گۈلزارى باغ.

بۇ گۈزەل باغ ئىچرە ھەر ئىنساننى ۋىجدان يەتكۈزۈر،
چۈنكى ۋىجدان نۇر چېچىپ تۇرغان بۈيۈك ئۆچمەس چىراق.
بەخش ئېتەر ئىنسانگە ۋىجدان سەئى ـ ھىممەت، ئىجتىھاد،
ئىلمۇ ـ پەن گۈلزارلىرىدىن تۈرلى خوش ئوبدان پۇراق.

ھەر سۈپەت خىسلەت پەزىلەت ئۆلچىنۇر ۋىجدان بىلەن،
ئەڭ شەرەپدۇر كىم قىلۇر ۋىجداننى مەركەزلىك ئۇ تاغ.
بولغۇسى ئىنساندا تۈرلى يول بىلەن تۈرلى نىشان،
قىلغۇسى ئىنسان ئۆزىنى تۈرلى يول بىلەن سىناق.

ئۆز يولىدا چىن ھەقىقەتنى نىشان قىلغان كىشى،
ئۆزگە ھەر يولدا قويسۇن، تازا ۋىجدانى سوراق.
ھەق بىلەن باتىلنى ۋىجدان كۆرستىپ بەرگەي ئېنىق،
ھەركىشى بايقاپ قەدەم باسقاي يولى بولماس توساق.

ئەي ”ئەزىزى“ شۇندا ھەققانى تولۇق ئىنسان بولۇر،
بىر ھەقىقەت بىرلا ۋىجدان بىر گېزەك چون كۆش ياغ.
ئانامغا

ئانام جانىم ئانام يوللىدىم سىزگە سالامىمنى،
يۈرەك قاتلاملىرىدىن ئۆرلىگەن يالقۇن، سالامىمنى.
كۆيۈملۈك جان ئانام مېھرىبانىم مەن سىزنى سېغىنغاندىن،
يۈرەك باغرىم كۆيۈپ ئۆرتەندى تاپماستىن مۇرادىمنى.

ئېزىز پەرزەندىڭىز يۈتمەس ئاسارەتلەردە زارلاندىم،
تۈشۈپ زىندان ئارا تۈرلى ھاقارەتلەردە خارلاندىم.
يېتىپ زىللەتتە ئايرىلماقتا ئىنسانى ھوقۇقۇمدىن،
سۇنۇپ كۆڭلۈم، چۈكۈپ روھىم، بۇ خىل تۇرمۇشقا ئارلاندىم.

كېتىپ دەرمان، ئېزىلدى تەن، بۇزۇلدى قان، سىقىلدى جان،
نىجاتلىق ئەركىن ـ ئازاتلىق ئۈچۈن قايناپ كۆيۈپ ۋىجدان.
يۈرەكتىن ئاھ ئۇرۇپ قاخشاپ دېگەيمەن قايغۇ ـ ھەسرەتتە،
ئۆتەر مەنمۇ بۇ دۇنيادا تاپالماي دەردىمە دەرمان.

مېنىڭدىن جان ئانام رازى بولۇپ خالىس دۇئا ئەيلەڭ،
بالامگە رەھمى قىلغىل دەپ خۇداگە ئىلتىجا ئەيلەڭ.
خۇدايىم رەھمى قىلسا پات بۇ مۇشكۇل بولغۇسى ئاسان،
ئۈمىد ئۈزمەي ئانام مەقسەت ـ نىشاننى مۇددىئا ئەيلەڭ.

بۇ دۇنيا كارى بار دائىما بىر نۇقتىدا تۇرماس،
لېكىن جانغا تەككەن دەرت ـ ئەلەملەر زادى ئۇنتۇلماس.
كۆرەش قىلماقتا ئۆز ئەركى ئۈچۈن دۇنيادا ھەر بىرجان،
شۇڭا ھېچ ۋاقىت ئىنسان زۇلۇم ئىستىبداتقا بويسۇنماي.
ئۇلۇغ ۋەتىنىم
ئۇلۇغ ۋەتىنىم شانلى تۇپراقلىرى،
گۈزەل تاغ ئورمان چىمەن باغلىرى،
جاھان زىنىنىتى يەر يۈزى جەننىتى,
يېقىملىق، كۆڭۈللۈك ھەممە ياقلىرى.

ياراشقان ئەجەپ زىبۇ زىننەتلىرى،
كېلىشكەن ئېقىنلىرى ھەيۋەتلىرى،
ۋەتەن ۋارىسى تۈرك نەسلى بولۇپ,
شەرەپلىك ئەسلى ۋە شەۋكەتلىرى.

ئەزىز مىللىتىم شانلىق دەۋرانلىرى,
بۈيۈك تارىخى.................،
گۈزەل ۋەتىنىمگە ئېزىز مىللىتىم,
ئاجايىپ كېلىشكەن ياراشقانلىرى.

قۇرۇپ ھەشەمەت تەخت ئىقباللىرى,
سۇرۇپ شانلى زور بەخت ئىستىقباللىرى،
سەھىپە تارىخنى يالقۇنلىتىپ,
شەرەپلىك گۈزەل ئۆتكەن ئەھۋاللىرى.

ئېزىز مىللىتىم ئۆتكەن ئەجداتلىرى,
ئىدى ئارسلان ھەر بىر ئەفرادلىرى،
دەرىخا بولۇپ قالدى بەك خار - زار,
بۇ كۈنلەردىكى نەسلى ئەۋلادلىرى.

ئوراپ باشلىرىنى قارا تۈنلىرى,
ئېچىلمايلا قالدى يورۇق كۈنلىرى،
بۇ گۈلزار ۋەتەننى بېسىپ زورمۇ - زور,
توراپ قارغا - قوزغۇن سېسىق ئۈنلىرى.

سولاشتى چىمەننىڭ چېچەك تۈرلىرى،
سىقىلدى ۋەتەن ئەھلى ئۆتكۈرلىرى،
قېيىپ باشلىرى يول تاپالماي تېنەپ,
يىتىم ئىگىسىز قالدى ئۆسمۈرلىرى.

خاراپلاشتى شان ۋە شەرەپ ئۈللىرى,
يوقاپ ئەركىن - ئازاتلىق يوللىرى،
ئۇلۇغ ۋەتىنىم، مىللىتىم كۆكسىگە,
قادالغان زەھەر شۇم ئاياق تۈللىرى.

تۆكۈلدى ئېچىلمايلا ھەر گۈللىرى,
قەپەزدىن چىقالمايدۇ بۇلبۇللىرى،
يىقىلدى زەھەرلىك توزاققا چۈشۈپ،
يۈرەلمەيلا تۇلپار دۇلدۇللىرى.

ئېزىز مىللىتىم نەسلى قانداشلىرى،
پۈتۈن ئەر - ئايال ۋە قېرى - ياشلىرى،
مەرەز جادۇگەر نەسلەر دەردىنى تېتىپ،
قانغا ئايلاندى كۆز - ياشلىرى.

چىمەنزارنى باسماقتا شۇم قۇشلىرى،
قىيىن بولدى تۈرك ئەھلى تۇرمۇشلىرى،
بۇ شۇم قۇشلار بولغاچقا ئاپەت - بالا،
قېچىپ كەتتى تۈرك نەسلىنىڭ ھوشلىرى.

كېلۇر پات بىزگە پۇرسەتلىرى،
كۈرەشمەككە ۋىجدان ھىممەتلىرى،
”ئەزىزى“ ئۈمىتۋار بولغىل، كېلۇر،
ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ پەزلى رەھمەتلىرى.
ئېچىنىش
بولمىسۇن دۇنيادا ھېچكىم مېنىڭدەك خار ـ زار،
قانچە ئۆمرۈم بولدى زىندان ئىچرە ۋەيران، تار ـ مار.

ۋەتىنىم، ئاھ مىللىتىم دەپ قايغۇرۇپ، پەرياد ئۇرۇپ،
قايغۇ ـ ھەسرەتتىن يۈرەك ـ باغرىم كۆيۈپ، ئوتتەك يانار.

ۋەتىنىمنىڭ بىر گۈلى ئىدىم، مىللىتىمنىڭ بۇلبۇلى،
بەلكى بىر شۇڭقار ئىدىم ئەركىن ئۇچۇپ، ئەركىن قونار.

ۋەتىنىم ئورمانىدا يايلاپ يۈرەر تۈلپار ئىدىم،
ھۆررىيەت مەيدانىدا چاقماق مىسالىق ئايلىنار.

ۋادەرىخا قارا يۈز ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى،
شۇم زەھەر دەھرىلەرگە مەن بولۇپ قالدىم شىكار.

قاملىپ ئىپلاس ئاسارەتلىك قەپەس ئىچرە يېتىپ،
بولدۇم ئازارۇ ھاقارەت تۈرلى كۈلپەتكە دۇچار.

خىلمۇ خىل جەۋرۇ ـ جاپا، زالىم ئۇرا بولدى ۋابا،
قايغۇ ـ غەملەر دەستىدىن دائىم بۇ كۆڭلۈم قان يۇتار.

ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم دەۋران تاپالماي قىينىلىپ،
سۇندى كۆڭلۈم، چۈشتى روھىم، ئەقلى ھۇش مەندىن قاچار.

ئاقتى ياشىم, قايدى باشىم قورشاپ ئالغاچقا مېنى،
تۈرلى شەكىللىك ۋە ئېغىرلىق ئىزتىراپ ۋە ئىزتىرار.

تۈرلى ئاپەتلەر ۋە بەدنىيەتلەر ماڭا ئەيلەپ ھۇجۇم،
مېنى، مىسكىن دەرتمەننى قىلدى غايەت بىقارار.

ئېزىلىپ تەن، قىينىلىپ جان، زارلىنىپمەن، خارلىنىپ،
ئىززىتى نەپسىم يوقالدى بارلىقىم بىئىتىۋار.

ھېچبىر تارىختا ھېچكىم مەن كەبى بولغان ئەمەس،
چۈنكى كەڭ دۇنيا ماڭا ھەر دەۋرىدە ئوخشاشلار تار.

كىمكى بىر دەۋردە بىر دەردۇ ـ بالاگە ئۇچرىسا،
دەۋرى ئۆزگەرسە بالادىن قۇتۇلۇپ ئارام ئالار.

ئەجىباكى مەن بىشىمدىن خىلمۇ ـ خىل كۈن ئۆتكۈزۈپ،
ھېچبىرىدىن تاپمىدىم مەقسەت ـ نىشانەمگە مادار.

لېكىن موراد، ئىجاد ۋە ئىقبالىم ۋاقىتلىق تەتۈر كېلىپ،
ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ يوللىرى توسقۇن بولار.

سۇمۇ قۇرۇپ كەتكەي بۇلاقتىن تەشنىلەپ سۇ ئىزلىسەم،
ئىسسناي دەپ ياقسام ئوت مۆلدۈر باسار يا قار ياغار.

بىلمىدىم تەقدىرى ھەق دائىم ماڭا شۇنداقمىدۇر،
ياكى بىر كۈن ئۆزگىرىپ بەختىم پىشانەم ئېچىلار.

گەرچە مەن شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قالسامۇ،
پەقەت روھسىزلانماي ئىگەم دەرگاھىدىن ئۈمىدۋار.

بەختسىزلىك قىلسىمۇ باشىمدا كۆپ يىللار داۋام،

ئەبەدىي تۇرماس بىشىمدا بىر كۈنى ئاجراپ يوقار.

خۇددى شۇم پەس مۇستەبىت باسقۇنچىلەردەك زور بىزور،
چاپلىشىپ چىڭ تۇرسىمۇ ئاخىر ئۆزى تاشلاپ قاچار.

شۈنىڭچۈن قەلبىمدە چاقماق چاقنىتىپ ئەرمانلىرىم،
بەختۇ ـ ئىقبالىم ئۈچۈن پارلاق شەرەپلىك يول ئاچار.

بارلىق ئارمانىم مىنىڭ مىللەت ۋەتەن ئازاتلىقى،
مەن بۇ ئارمانغا يىتىشكە بەكمۇ قاتتىق ئىنتىزار.

شۈنىڭچۈن مەقسەت نىشانەم يولنى قەتئى بىسىپ،
ھەر نە كۆرسەم ھەر نە تارتسام خاتىرەم بولماس غۇبار.

كىمكى باسقان يولىدىن يانماي داۋام قىلسا يولىن،
مەيلى ھارسۇن چارچىسۇن ئاخىردا مەنزىلگە بارار.

مەنزىلىم مىللەت، ۋەتەن ئازاتلىق مەيدانىدۇر،
مانا بۇ مەيدان يولى تۈرلى كۈرەشنى قايىنتار.

كۆرۈشەرمىز، تىرىشارمىز جاننى ئالقانغا ئېلىپ،
كۈرشىپ يەتسەك نىشانگە ياشغايمىز بەختىيار.

نېمە ئەيىبىم بار مېنىڭ ئىنسانىيەت مەيدانىدا،
ئەجىبا باسقۇنچىلار ئالدىدا مەن زور ئەيىپدار.

دىن ۋە مىللەت دەپ كۆيگىنىم زور ئەيىپمىش،
مەن ئۈچۈن بۇ ئەيىپ تارىخى شەرەپلىك ئىپتىخار.

ئەي ”ئەزىزى“ ئەركىن ـ ئازاتلىق كۈرەش مەيدانىگە،
مىللىتىڭنى چاقىرىپ يازغىل يۈرەكتىن يادىكار.

تۇران

شان ـ شەۋكەتلىك تۇران ئۇلۇغ ۋەتەن ئەمەسمۇ،
گۈزەل خىسلەتلەر تولغان جەننەت نىشان ئەمەسمۇ.
تۈرلى ئېقىن بۇلاقلار ئالا ـ يېشىل ئوتلاقلار،
كۆركەم تاغ ۋە يايلاقلار تۈرلى ئورمان ئەمەسمۇ.

ئەتراپلىرى ئېكىنزار ئورتالىرى چىمەنزار،
باغۇ ـ بوستان ۋە گۈلزار، گۈل ـ گۈلىستان ئەمەسمۇ.
شەكىل تۈرى ھەيۋىتى، ئالىي سۈپەت خىسلىتى،

شانۇ شەرەپ شەۋكەتى قەدىم زامان ئەمەسمۇ.

ئاسىيانىڭ يۈرىكى يەر شارىنىڭ تېرىكى،
تۈرلى مەدەن كۆرىكى سىرلىق مەيدان ئەمەسمۇ.
بۇ بۈيۈك سىرلىق ماكان، ئەجدادىمىز ياشىغان،
بىزگە مىراس قالدۇرغان شاھى تۇران ئەمەسمۇ.

ئەجدادىمىز ھەر زامان تارىخى زور قەھرىمان،
ئالىي ھىممەت ئارسلان ئۆتكۈر ۋىجدان ئەمەسمۇ.
شۇ مۇھتەرەم ئەجدادلەر ئوغۇز نەسلى ئەفراتلەر،
تۈرك ئەۋلادى ئازاتلەر شەرەپلىك قان ئەمەسمۇ.

بىز ھەم شۇلەر ئەۋلادى بىلىپ تۇرۇپ بىز زادى،
ياشىمىساق ئازادى شۇملۇق باسقان ئەمەسمۇ.
ئاسارەتتە باپلىنىپ، ھاقارەتتە ئايلىنىپ،
رىزالەتتە جايلىنىپ ياتار ھايۋان ئەمەسمۇ.

بىز قۇللۇقتىن بوشىماي، ئەركىن ـ ئازات ياشىماي،
ئىقتىسادى ئاشماي، ئۆتۈش يامان ئەمەسمۇ.
ئەركىن ئازات بولغانلار، ھوقوقىنى ئالغانلار،

ئۆز دۆلىتىن قوغانلار، بىزدەك ئىنسان ئەمەسمۇ.

بىزمۇ قايناپ تىرىشساق، ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەشسەك،
نىشانىگە ئېرىشسەك، زور شەرەپ ـ شان ئەمەسمۇ.
يېتىشۈەرسەك تولغانماي، باش كۆتەرمەي ئويغانماي،
ئۆتىۋەرسەك ئويلانماي، پۈتمەس ۋەيران ئەمەسمۇ.

ھىممەت، غەيرەت ـ جاسارەت، ئەركىنلىككە بېشارەت،
بولۇپ تۇرسا ئاسارەت...................؟
ئويلىنايلى قانداشلەر، ۋەتەن سۆيەر دىنداشلەر،
مىللەتداش، نىشانداشلەر بۇ بىر سەرسان ئەمەسمۇ؟

ئەي ”ئەزىزى“ مىللەتنى ئۆيغات قوللاپ ھىممەتنى،
يۇقات باشتىن ئىللەتنى، ئەركىن دەۋران ئەمەسمۇ؟
مېھرىبان ئانامگە
كۆيۈمچان، سۆيۈمچان، بۈيۈك مېھرىبان،
ئەسىر ئوغلى ئۈچۈن دەرتلىنىپ باغرى قان.
ئىچىدىن كۆيۈپ ئاھ ـ پەريات ئۇرۇپ،
كۆزىدىن ياش ئورنىگە قان ئاققۇزۇپ.
ئېزىلگەچ يۈرەك ـ باغرى بولغان كاۋاپ،

ئېغىر قايغۇ ـ ھەسرەتتە ھالى خاراپ.
دۇئا گوي ئۇلۇغ مېھرىبانىم ئانام،
خۇداگوي تولۇق جان ۋە جانىم ئانام.
تۇغۇپ مېنى ئاسراشتا جان كۆيدۈرۈپ،
بۇ جەرياندا نۇرغۇن جەپالەر كۆرۈپ.
سەھەرلەر تۇرۇپ، ئۇيقۇدىن كېچىپ،
بېشىمنى سىلاپ مېھرى شەپقەت چېچىپ,
مېھرىبان ئانام، قەدىردان ئانام،
سۆيۈمچان ئانام، كۆيۈمچان ئانام.
بۈيۈك تېرىكىم، روھى يۆلىكىم،
سىزگە يۈرىكىم يوللايدۇ سالام.
قايماقتا باشىم ئاقماقتا ياشىم،
بولۇپ سىرداشىم ھەسرەت سۈبھى شام.
ماڭا قايغۇ ـ غەم خىلمۇ ـ خىل ئەلەم،
كەلگەچ دەممۇدەم كۆز ياشىم تارام.
مېنى غەمكىنلىك باسقاچ مىسكىنلىك،
بولدى ئەركىنلىك مەن ئۈچۈن ھارام.
جىسمى ئېزىلىش، روھى سىقىلىش،
تۈرلى قىينىلىش بولدى ماڭىلام.
سوقۇلۇپ دىلىم تۇتۇلۇپ تىلىم،

پۈكۈلۈپ بېلىم تالدى پۈت ـ قولام.
ئۈزۈلدى هامان ئۈمىدۈ ـ ئارمان،
يوقالدى دەرمان ئۈشبۇ يولدىلام.
مەقسەتكە كەلسەم، ئانامنى كۆرسەم،
بىر كۆرۈپ ئۆلسەم ئارمانىم شۇلام.
هايات كۆرۈشۈپ، بىر رىزالىشىپ،
يىغلاپ خوشلىشىپ ئاندىن كۆز يۇمسام.
دېگەن زور ئەرمان قەلبىمدە هامان،
ئۆرلەپ هەر زامان قاينار ئويلىسام.
دەرلەر پارتىيە بېرىپ تەربىيە،
قارشى ئىدىيە ئۆزگەرگەندىلام.
شۇنداق بىر زامان كەلگۈچە هامان،
سىقىلىپ بۇ جان قىينالۇر تامام.
شۇدۇر ئەھۋالىم ھەسرەتلىك هالىم،
شۇدۇر ئىقبالىم كېچە ـ كۈندۈرلام.
لېكىن يەنە مەن ئۈمىد ئۈزمەيمەن،
روهسىزلانمايمەن هېچقاچاندىلام.
چۈنكى هەر قىيىن يېشىلەر كېيىن،
بۇ سۆز هەق شىرىن هەققانى كالام.
مەن ئۈچۈن ئانام دۇئا قىلسىلام،

رىزا بولسىلام بەختىم ۋەسسالام.

ئايرىلمىسۇن

مىللىتىم مىللىي ھەمىيەت شانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ھەق- توغرا نىيەت جامىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ساپ ئادىمىيەت سانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم بىرلىك مەئىيەت يانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم مەندىن ۋەسىيەت قانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم ئىنسانىيەت مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ئىسلامىيەت ئىمانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ھەققانىيەت ۋىجدانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم تۇرانىيەت ئۇنۋانىدىن ئايرىلمىسۇن،

مىللىتىم ھۆر ئاپىيەت دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم ئەغيار ئۈچۈن ھېچ يول بىلەن ئالدانمىسۇن،

مىللىتىمنى ئۆزگىلەر مايمۇن قىلىپ قوللانمىسۇن،

مىللىتىم تارىخىنى پاك ساقلىسۇن، بۇلغانمىسۇن،

مىللىتىم ھەرگىز بېقىندىلىق ئۈچۈن گوللانمىسۇن،

مىللىتىم ئەركىن ياشاش ئىمكانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم بىلسۇن ۋەتىنىنى, قەدرىنى خار ئەتمىسۇن،
بۇ مۇقەددەس جان ۋەتەن، جان ئانىنى زار ئەتمىسۇن،
باشقىلار بىزنىڭ دىگەن شۇم سۆزگە ئىقرار ئەتمىسۇن،
مۇشتەرىك دۆلەت دىگەن يالغاننى دەركار ئەتمىسۇن،
ئانا ۋەتەن شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلمىسۇن.

كىمگە مەنسۇپ، كىمگە ھەقلى، كىمگە مىراس بو ۋەتەن،
ئەسلى نەسلى قانى بىر، تۇققان ئۇيۇشقان ئەزچەمەن،
شۈبھەسىز ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، موغۇل، تاجىك بىلەن،
بۇ ۋەتەن بۇ تۈرى ئۇرۇققا ئاتا مىراس چىمەن،
ئاتا مىراس چىمەن تۇراندىن ئايرىلمىسۇن.

نەقەدەر شانلى بۈيۈك ئەرلەر يېتىشتۈرگەن ۋەتەن،
ئەرلەر ئىچرە تۈرلى جەۋھەرلەر يېتىشتۈرگەن ۋەتەن،
شانلى شەۋكەت ئەھلى گەۋھەرلەر يېتىشتۈرگەن ۋەتەن،
داھى ۋە دانايى رەھبەرلەر يېتىشتۈرگەن ۋەتەن،
ئارسلان ۋە قەھرىمان ئوغلاندىن ئايرىلمىسۇن.

بۇ ۋەتەن باغ ۋە گۈلىستانلار بىلەن تولغان چىمەن،
تاغۇ ـ تۈز مەيدانلىرى كۆركەم گۈزەل بولغان چىمەن،

كاتتا خسلەت زور پەزىلەتلەرگە ئورناشقان چىمەن،
يەر يۈزىنىڭ جەننىتى شانلىق ئۇلۇغ تۇران چىمەن،
دائىما جەننەت نىشان بولغاندىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەقف مۇتلەق بولمىسۇن ئەغيار ئۈچۈن ئالىي ۋەتەن،
شۇم ئاياقلەر ئاستىدا دەسسەلمىسۇن غالى[18] ۋەتەن،
مۇستەقىل، مۇختار ئۆتسۇن هەر زامان هالى ۋەتەن،
مىللىتىمگە خاس مىراس بولسۇن ئىقبالى ۋەتەن،
ئەركىن ـ ئازات بەختىيار تۇرغاندىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم باشىنى ئايلاندۇرغۇسى ئەغيارلەر،
قان سۈرۈتمەك بىرلە يۈتمەك بولغۇسى مەككارلەر،
شۇنىڭچۈن تۈرلى تۇزاق، دام قۇرغۇسى هەييارلەر،
بەدنىيەت شۇم پىكرىدە قوللانغۇچى هەر چارلەر،
مىللىتىم بايقاپ قەدەم باسقاندىن ئايرىلمىسۇن.

ئەسلىتەر جەننەتنى دائىم ۋەتىنىم گۈلزارلىرى،
هۆرى ـ غىلمانلارنى ئەسلەتكەي چىمەن دىلدارلىرى،
باغۇ ـ بوستان، گۈل ـ گۈلىستانلار ئارا گۈلنارلىرى،
پەيزى رەھمەت، نازۇ ـ نىمەت، كېنىزىدۇر[19] ئەسرارلىرى،

جەننەتۇل پىردەۋس مەيدانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەتىنىم تارىخى ئۈستۈن، قەدىرلىك ئوڭ ـ سوللىرى،
ئارسلانلار ئىزلىرى بىرلە چېنىققان يوللىرى،
قەھرىمانلەر ئۇستىخانىدىن قۇرۇلغان ھۇللىرى،
كىمكى خائىن بۇ ۋەتەنگە قۇرۇسۇن پۇت ـ قوللىرى،
ئەركىن ئازاد گۈللىنىش جەريانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ئەسىرلەر غەپلەت ـ جاھالەتلەردە قالغان بولسىمۇ،
كۆز ئاچالماي جاھىلى نادانلىقتا ياتقان بولسىمۇ،
دەۋرلەر دىن خارۇ ـ زارلىقلەرگە پاتقان بولسىمۇ،
كۆپ زامانلەر زۇلمى ـ كۈلپەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ،
ھەمدە پارلاق بەختلىك دەۋرانىدىن ئايرىلمىسۇن.

قولغا كەلمەس ئەرك مۈشۈكتەك تەلمۈرۈپ تۇرغان بىلەن،
قايتۇرۇپ بەرمەس بۇلاڭچى يالۋۇرۇپ سورغان بىلەن،
بەخت ئىزلەپ كەلمىگەي ھاڭۋاقتى ئولتۇرغان بىلەن،
ئالدىنىپ قالماسلىق كېرەك ئالداپ ئۇمۇندۇرغان بىلەن،
ھەقنى ئۆز كۈچى بىلەن قولغا ئالغانىدىن ئايرىلمىسۇن.

ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيمەك ئەھلى ئىسلام شانىدۇر،
بۇ ھەقىقەت، بۇ ئادالەت تەڭرىنىڭ پەرمانىدۇر،
بۇ ئېنىق، سىر شۈبھىسىز ھەققانىيەت مىزانىدۇر،
ئەسلى ـ نەسلى پاك، ۋىجدان ئەھلىنىڭ جانانىدۇر،
جاندىن ئايرىلسۇن لېكىن جانانىدىن ئايرىلمىسۇن.

مىللىتىم

مىللىتىم غايەت، قايغۇلۇق ھالەت،
خاردۇر نىھايەت، ھەسرەت شىكايەت.

مىللەت بۇلغىنىش، تۈس شەكلى چېنىش،
شەنىدىن تېنىش، رەسۋا ئاھانەت.

قاي مىللەت تۇرماس، ھېچ بىر ئويغانماس،
ھالىن ئويلانماس، ئېغىر قاباھەت.

ئەي نادان مىللەت، ساقايماس ئىللەت،
ۋۇجۇدۇڭ زىللەت، لەرگە شاھادەت.

بولدۇڭسەن مايمۇن، نىشانسىز مەجنۇن،
ئەخلاقىڭ مەلئۇن، ئىپلاس بىرھالەت.

سۈنئىي تىغ قۇرال، يوق ئاندا ئامال,
ئۇچاغلىق ئامال، ئۇ بىر ساپاھەت.

ئەڭ ئالىي نىيەت، ساپ ھەققانىيەت،
چىن ئىنسانىيەت، ھەقىقى غايەت.

ياتما تۇر چاققان، كۈرەشكە ئاتلان،
قوللىنىپ ۋىجدان، غەيرەت شىجائەت.

زور قورال ۋىجدان، ھەققانى جەۋلان،
كېرەكمەس ئەلئان، سەن تىغ ئالەت[20].

ھۆرلۈكنى قويۇپ، قۇللۇقا ئۇيۇپ،
شۇملۇق قوللىنىپ، ياۋگە ئىتائەت.

كۆتىرىپ پورداق، چېلىپ سەن دۇمباق،
يالاپ سەن يالاق، بۇ بىر رىزالەت.

ھەدىسە ”خۇش“دەپ، ۋەتەن كەش ”بوش“دەپ،

كەل نورغۇن”توش“دەپ، قىلدىڭ ساداقەت.

تەلمۈرۈپ قاخشاپ، بەرگىنىن ئاشاپ،
هايۋاندەك ياشاپ، پۇراپ نىجاسەت.

بولغادىڭ قاننى، ساتتىڭ ۋىجداننى،
قويدۇڭ ئىماننى، يوق دەپ قىيامەت.

ۋەتەن مىللەت دەپ، دىن ئۆچۈن غەم يەپ،
خۇدانى ئەسلەپ، قىلدىڭمۇ تائەت.

ئوراپ سەللەڭنى، سۆرەپ مەللەڭنى،
بۇراپ زەللەڭنى، ئىزدەپ زىياپەت.

گەر تاپساڭ پوشكال، يەپ سىپاپ ماتال،
”ئامىن“ دەپ خوشال، تاپساڭ دارامەت.
كونۋىرت ئالساڭ، هەميانغا سالساڭ،
غەنىمەت قىلساڭ، شۇلدۇر كارامەت.

ئۇيالماس رەزىل، هىممەتسىز سەپىل،

نەيرەڭۋاز ھەرخىل، يولۇك زالالەت.

دىننى پەردە ئېتىپ، ئىماننى سېتىپ،
ئەلنى ئالدىتىپ، ئىشلەپ شارارەت.

ياۋگە قۇل بولۇپ، يارماق پۇل بولۇپ،
قەغەز گۈل بولۇپ، تاپامسەن راھەت.

يۈزۈڭ ئۇيالماس، پەسلىكتىن قالماس،
تارىختا بولماس، بۇ خىل ئىتائەت،

بۇنداق ئۇيالماي، ھېچبىر ئويلانماي،
شۇملۇقتىن قالماي، ياشاش خاباسەت.

دۇئايىڭ بېكار، ھەق سەندىن بىزار،
چۈنكى سەن بەدكار، شۇم بەد دىيانەت.

ئەمدى سەن ياشلەر, ئەي قاپاق باشلەر,
ئەھمەق قانداشلەر, شەكلىڭ بىر ئاپەت.

تاراپ ساچىڭنى، ياساپ تاشىڭنى،
يۈز كۆز قاشىڭنى، شەكلىڭ نازاكەت.

ھەممىدىن بورۇن، ئىزدىشىڭ ئۇرۇن،
سۈرەتكەش ھورۇن، مايمۇن سالاپەت.

بىر ئامال ئىتىپ، مەنسەپكە يىتىپ،
ئۆزۈڭنى سىتىپ، تاپتىڭ ساپاھەت.

ۋەتەننى سوغات، قىلساڭ يوق ئۇيات،
قىلىۇر مۇكاپات، خەيرى ساخاۋەت.

ئۆزەڭنى ئىنسان، دىگىنىڭ يالغان،
چۈنكى يۇقالغان، سەندىن ئاسالەت.

سەنلەردە ئىناق، مىھرى ئىشتىياق،
بىرلىك ئىتتىپاق، يۇقاپ نەھايەت.

ھەق يولغا خىلاپ، تەپرىقە ئىختىلاپ،
كىزىب ۋە مىكرىلاپ، تۈرلى ئاداۋەت.

چېكىدىن تاشقان، هەددىدىن ئاشقان،
شۇم نەسلىك باسقان، بەختسىز هالەت.

ئورناشقان ئۈچۈن، يېشىلمەس تۈگۈن،
بولغاچ تۈن ۋە كۈن، بالايى ئاپەت.

ئىنسان بولماي قوي، هايۋان بولۇپ توي،
قىلما بۆلەك ئوي، بولماي خىجالەت.

يوقال كۈن كۆرمەي، بۇلغىنىپ يۈرمەي،
شۇم دەۋران سۈرمەي، ئى نەس كاساپەت.

ياشمايلا قال، دۇنيادىن يوقال،
تارىختىن سوقال، ياشاش نەهاجەت.

بۇنداق تىركىلىك، سېسىق چىرىكلىك،
ئىپلاس ژىرىكلىك، جەزمەن هالاكەت.

بولماستىن سەرسان، دۇنيادىن چاپسان،

يوقالساڭ ئاسان، تارتماي مالامەت.

بۇ ھالنى ئويلاپ، چىدىماي قايناپ،
زارلىنىپ قاخشاپ، قىينالدىم غايەت.

لېكىن ئەسلىسەم، ئويلاپ سۆزلىسەم،
ئۇمىد كۆزلىسەم، كېلۇر بېشارەت.

دېمەك مىللەت ئاق، كۆز ئاچساڭ پاتراق،
ئىقبالى پارلاق، بەختى سائادەت.

مىللەتكە پەسلەر، ۋىجدانسىز نەسلەر،
ھاماقەت مەسلەر، بولماس كاپالەت.

ئەي ئەزىز مىللەت، بىزدىكى ئىللەت،
بارلىق مۇزەللەت، دەردى ئاسارەت.

مىللىتىم ئويغان، كۆتەر باش ئىرغان،
سېنى خار قىلغان، زورلۇق سىياسەت.

بۇ شۇملۇق شورلۇق، باسقۇنچى زۇرلۇق،
ۋەھشىي قانخورلۇق، كەلتۈرگەن ھالەت.

ئۈستۈڭدىن باسقان، چېكىدىن تاشقان،
ھەددىدىن ئاشقان، بالايى ئاپەت.

ئەمدى ئويغىنىپ، تىرەن ئويلىنىپ،
ھىممەت قوللىنىپ، قىلساڭ جاسارەت.

يوقۇلۇر خارلىق، مەھكۇم ياشارلىق،
قۇللۇق ھەم زارلىق، قالماس شول سائەت.

مىللىتىم چاققان, كۈرەشكە ئاتلان,
قوللىنىپ ۋىجدان, غەيرەت شىجائەت.

زور قۇرال ۋىجدان, ھەققانىي جەۋلان,
كېرەكمەس ئەلئان, سەن تېخى ئالەت.

قۇتۇل خارلىقتىن، قۇللۇق زارلىقتىن،
جاپاكارلىقتىن، قوزغال قىل غارەت.

قۇللۇقتىن بوشا، ھۆر ئەركىن ياشا،
شۇدۇر كەڭ تاشا، راھەت - پاراغەت.

سەن شانلى مىللەت، پاك قانلى مىللەت،
ئىمانلى مىللەت، ئەسلىڭ نىجابەت.

تارىخىڭ ئۇلۇغ, تۇرانىي ئۇرۇغ,
ئىقبالىڭ قۇتلۇغ, نەسلىڭ سالابەت.

سەن ئۈچۈن مەزلۇم, خار - زار مەھكۇم,
ھوقۇقتىن مەھرۇم, ياتىش جىنايەت.

مىللىتىم ھەر ئان، بولغىل قەھرىمان،
ھېچ چاغ ھېچ زامان، بولما جابانەت.

قورقۇنچاق كىشى، ئوڭ كەلمەس ئىشى،
قايغۇسى بېشى، دىلى جاراھەت.

يۈرەكسىز ئادەم, دائىم دەرت - ئەلەم،

ھەسرەت قايغۇ غەم, لەرگە ھاۋالەت.

ۋىجدانلىق ئىنسان، يۈرەكلىك ھامان،
قورقماس ھەرقاچان، قىلغۇر رىقابەت.

ياۋگە باش ئەگمەس، ھەرگىز بىرىلمەس،
ئالدامغا كىرمەس, بولماس ھاماقەت.

بولماس يالاقچى، تەتۈر دۇمباقچى،
يالغان سۆۋاقچى، پەسكەش نامامەت[21].

قاراپ ئەھلىگە، بىقىپ ۋەسلىگە،
قىلماس نەسلىگە، قارشى سىئايەت[22].

نەسلىدىن تانماس، شانىدىن يانماس،
ھەرگىز بۇلغانماس، ساقلار ۋەجاھەت[23].

ئالىي ئىنسانغا، پاك ۋىجدانغا,
قىلالماس ئانغا، شۇملۇق سارايەت.

ۋىجدان ئارلىقتىن، قۇللۇق زارلىقتىن،
تۈرلى خارلىقتىن، بولۇر بەرائەت.

ۋىجدانسىز جاسۇس، بولۇشتىن نامۇس،
قىلماسلىق ئەپسۇس، ئەڭ پەس ئەسالەت.

ئاۋچىگە تايغان، بولۇش ئەڭ يامان،
بۇ شۇملۇق هامان، ئېغىر پاجائەت.

ئەي ئېزىز مىللەت، قوللانغىل ھىممەت،
بار قىل ھۆررىيەت، ئۈچۈن مۇساپەت.

قۇللۇق بەكمۇ ئار، قۇللۇق شەرمىسار،
قۇللۇققا ھۇشيار، قىلماس قارابەت.

قۇللۇق جاھىللىق، قۇللۇق غاپىللىق،
قۇللۇق كاھىللىق، قۇللۇق ئاتالەت.

قۇللۇق چىركىنلىك، قۇللۇق مىسكىنلىك،
پۈتمەس غەمكىنلىك، قەلبى قاساۋەت.

قۇللۇق قاتتىقلىق، قۇللۇق ئاچچىقلىق،
كۆپ زەھەر تىغلىق، ئەڭ ئىپلاس ھالەت.

قۇللۇق مەزلۇملۇق، قۇللۇق مەھكۇملۇق،
قۇللۇق مەھرۇملۇق، قۇللۇق شاقاۋەت.

قۇللۇق مەنھۇسلۇق، قۇللۇق مەھبۇسلۇق,
قۇللۇق مەيۈسلۈك، قۇللۇق ھالاكەت.

قۇللۇق مەلئۇنلۇق، قۇللۇق مەجنۇنلۇق،
قۇللۇق مەھزۇنلۇق،قۇللۇق غەباۋەت.

قۇللۇق ئەسىرلىك، قۇللۇق ھەقىرلىك،
قۇللۇق داغ ـ كىرلىك، قۇللۇك خاساۋەت.

قۇللۇق دىل كورلۇق، ئۈستىدە زورلۇق،
ئاستى شۇم شورلۇق، تىلى كالالەت.

قۇللۇق ئاقساقلىق، قۇللۇق چۇلاقلىق،

ئەيىۋى تۇلاغلىق، ھېچ يوق كەمالەت.

قۇللۇق ئېزىلىش، قۇللۇق دەسسىلىش،
قۇللۇق يەنچىلىش، قۇللۇق خارابەت.

قۇللۇق رەزىللىك، قۇللۇق سەپىللىك،
يوقتۇر ئىسىللىك، يوقتۇر شاراپەت.

قۇللۇق نادانلىق، قۇللۇق زىيانلىق،
قۇللۇق يامانلىق، قۇللۇق ئاداۋەت.

قۇللۇق ئوساللىق، قۇللۇق قوپاللىق،
تۈرلى ۋابالىق، تۈرلى مالامەت.

قۇللۇق بوشاڭلىق، گالۋاڭ قاشاقلىق،
مەتو ساراڭلىق، يوقتۇر ئاپاقەت.

قۇللۇق ئىپلاسلىق, سۆرەم پالازلىق،
سېسىق شۇم ساسلىق، بولماس نىزاپەت.

قۇللۇق بەك زارلىق، نامۇس ۋە ئارلىق،
ئەنۋائى خارلىق, ئۇندىن ئىبارەت.

ھەرقانداق مىللەت، مەھكۇملۇق مۇددەت،
يۈزلەنگەي زىللەت، باسقاي ھالاكەت.

مىللەتكە زارلىق، مەزلۇملۇق خارلىق،
ئەركىنسىز تارلىق، قاتتىق ھاقارەت.

باغلاقتا يېتىش، خارلىققا پېتىش،
ئېزىلىپ كېتىش، ھايۋانغا ئادەت.

قۇل بولۇپ ياشاش، بەرسە يەپ ئاشاش،
تەلمۈرۈپ قاخشاش، ئەڭ پەس ئىرادەت.

قۇللۇققا كۆنۈش، مەھكۇم كۈن كۆرۈش،
تارىختىن ئۆچۈش، ئۆچۈن دالالەت.

قاي مىللەت ئەسىر، شول مىللەت ھەقىر،
ھاياتى ئېغىر، ھالى خاسارەت.

قۇل بولماي پۈتۈن، ھۆر ياشاش ئۈچۈن،
ياتماي تۈن ۋە كۈن، كېرەك ماھارەت.

يەنى ئويغىنىپ، قالقىپ ئىرغىنىپ،
قىزغىن قوللىنىپ، تۈرلى جالادەت.

يېتىش نىشانگە، ئازاتلىق شانگە،
بۇ دۇر ئىنسانگە، ھەققانىي رايەت.

مەردانە بولۇش، ھەققانىي بولۇش،
ۋىجدانىي بولۇش، ئىنسانىي غايەت.

شەرەپلىك سۈپەت، ئالىي تەبىئەت،
ئىنسانىي پەزىلەت، ئىنساپ ئادالەت.

بۇ ئۇلۇغ نىشان، ھۆرلىككە ھامان،
بولۇر نامايەن، ئېنىق ساراھەت.

ھۆرلۈك زۇر نېمەت، ئۇلۇق غەنىمەت،

مىللەتكە ھۆرمەت، ئىززەت مۇھەببەت.

ھۆرلۈك ئىستىقلال، پارلاق ئىستىقبال،
زور بەختى ۋە ئىقبال, لارگە ئىشارەت.

ھۆرلۈك پاك ياشاش، مىننەتسىز ئاشاش،
خارلىقنى توساش ئۈچۈن ۋاكالەت.

ھۆرلۈك زور نىشان، ھۆرلۈك ئالىي شان،
ھۆرلۈك ئەڭ ئۇبدان، مىللىي ھەفازەت.

ھۆرلۈك شەرەپلىك،ھۆرلۈك ئەدەبلىك،
ھۆرلۈك زىرىپلىك، ھۆرلۈك لاتاپەت.

ھۆرلۈك ئۇلۇغلۇق، بەختى تۇلۇقلۇق،
كۆڭلى يورۇقلۇق، راست قەددى قامەت.

ھۆرلۈك گەۋھەرلىك، تۈرلى جەۋھەرلىك،
قىممەت ئەسەرلىك، پۈتمەس خازانەت.

ھۆرلۈك ئالىي ھال، ھۆرلۈك روھىي بال،
باھارگە مىسال، شوخلۇق تاراۋەت.

ھۆرلۈك بەلەنلىك، ھۆرلۈك خۇرسەنلىك،
ھۆرلۈك دىلبەنلىك، ھۆرلۈك مالاھەت.

ھۆرلۈك بىدارلىق، ھۆرلۈك دىلدارلىق،
ھۆرلۈك ھوشيارلىق، ھۆرلۈك پاراسەت.

ھۆرلۈك ھېلىملىق، ھۆرلۈك كەرىملىق،
ھۆرلۈك يېقىملىق، ھۆرلۈك ساماھەت.

ھۆرلۈك ئىللىقلىق، ھۆرلۈك سىلىقلىق،
ئوبدان قىلىقلىق، شۈكرە قانائەت.

ھۆرلۈك پاساھەت، ھۆرلۈك بالاغەت،
ھۆرلۈك زاكاۋەت، ھۆرلۈك ھازاقەت.

ھۆرلۈك تىلى ساق، ھۆرلۈك دىلى ئاق،
ھۆرلۈك خۇش ئەخلاق، ھۆرلۈك ماتانەت.

ھۆرلۇك ھەرقاچان، ئىنسانىي ۋىجدان،
بۇنى ئۇقمىغان، غەپلەت جاھالەت.

ھۆر ئەركىن ياشاش, قۇللۇقتىن بوشاش،
قانداق مىللەتداش، ئۇچۇن لاياقەت.

ھۆرلۇك ئالىي باغ، چىنارى ياپراق،
كۆڭۈللۈك ھەر ياغ، ئاجايىپ راھەت.

ھۆر بولماي پۈتۈن، دىلدىكى تۈگۈن،
يېشىلمەس ھېچ كۈن، ئۆچمەس ھارارەت.

ھۆر ئەركىن ئازاد، ياشاش بىزگە زاد،
قەھرىمان ئەجداد لاردىن ۋاراسەت.

ۋەتەنگە خىزمەت، مىللەتكە رەھمەت،
ھۆرلۈككە ھىممەت، قەرز دۇر ئامانەت.

ۋەتەننى سېتىش، قاننى بۇلغىتىش،

شۇملۇقتا يېتىش، ئەڭ زور خىيانەت.

ۋەتەنگە كۆيۈش، مىللەتنى سۆيۈش،
شۇ يولدا ئۆلۈش، شانلىق شاراپەت.

ئەي ۋەتەنداشلار، مىللىي قانداشلار،
ھەربىر دىنداشلار مەقبۇل رىيازەت.

ۋەتەننى ساقلاش، مىللەتنى ياقلاش،
يۈزنى ئاقلاش، ئۇلۇغ ئىبادەت.

مىللىتىم ئازاد، ۋەتىنىم ئاباد،
بارچە دىللار شاد، دېگەن بېشارەت.

قاي زامان ياڭرار، يەر يۈزى ئاڭلار،
تەبرىكلەپ داڭلار، ئەيلەپ زىيارەت.

توشار خوشاللىق، تۈگەر مالاللىق،
كېتەر ۋاباللىق، بولۇر ھالاۋەت.

بۇ هالدا مىللەت، مۇستەقىل دۆلەت،
قۇرۇپ بى مىننەت، ياشار سالامەت.

شۇچاغ بۇ ۋەتەن، گۈلزارلىق چىمەن،
مىللىي ئەنجۇمەن، گۈللار داۋامەت.

زور تەرەققىيات، گۈزەل ئىسلاھات،
تۈرلى كەشپىيات، قاينار سانائەت.

كېرەك هەر بارە، تەدبىرۇ - چارە،
هەر خىل ئىدارە، هەر بىر ۋازارەت.

قۇرۇلغان هامان، هەر بىر زور ئورگان،
هەرتۈرلى مەيدان، هەربىر نازارەت.

شۇل چاغ توختىماي، هارماي چارچىماي،
ئىشلەيدۇ قالماي، بارلىق جامائەت.

چۈنكى ئۆز دۆلەت، لەززەتلىك نېمەت،
هەرقانداق مىللەت، ئۈچۈن زور راهەت.

چۈنكى ھەر مىللەت, قۇرسا ئۆز دۆلەت,
پۈتمەس زور نېمەت, پۈتمەس ھالاۋەت.

تۈركىستان ۋەتەن، باي گۈزەل چىمەن،
ھەر تۈرلى مەدەن، ھەرخىل زىرائەت.

باغۇ بوستانلار، تاغ مەيدانلار،
دەريا ئورمانلار، ھەيبەت ساياھەت.

چارۋا ھايۋانات، ھەر خىل ناباتات،
تۈرلى مەھسۇلات، ھەددىن زىيادەت.

قانچە تەبىرلەپ، ماختاپ تەسۋىرلەپ،
يازسام بىر ـ بىرلەپ، پۈتمەس رىۋايەت.

قىسقىسى مىللەت، ئەركىن ھۆررىيەت،
بولۇپ ئۆز دۆلەت، قورغانلام سائەت.

بولغاي شۇل ھامان، دىللار شادىمان،

قالماس ھېچ ئارمان، ھەسرەت ـ نادامەت.

ئويغان مىللىتىم، ئويلان مىللىتىم،
قوللان مىللىتىم، ھىممەت جالادەت.

ئويغىنىپ ھوشيار، بولۇپ پىداكار،
ۋەتەننى ھەر بار، قىلغىل ھىمايەت.

بولۇر شول زامان، مۈشكۈلۈڭ ئاسان،
قىلغۇسى ھامان، سېنى ھاپازەت.

ھەققانىي كۈرەش، ئىنسانىي كۈرەش،
ۋىجدانىي كۈرەش، قۇرئان ۋە ئايەت.

ۋەتەنگە پىدا، مىللەتكە ئادا،
بولغانغە خۇدا، قىلۇر ئىنئايەت.

ئامىن ۋە ئامىن، رەببىل ئالەمىن،
قىلغىل پات يېقىن، دۇئا ئىجاۋەت.

ياره‌ب، يا كه‌ريم، ره‌همانىرره‌هيم،
مه‌ن مۇزته‌رله‌نديم، بولدۇم بيتاقه‌ت.

ياره‌ب مېنى پات، زينداندين نيجات،
ئه‌يله‌پ هۆر هايات, قىلغىل ئىنايه‌ت.

يوق سه‌ندين بۆله‌ك، مه‌ن ئۈچۈن يۆله‌ك،
سه‌ندين زور تىله‌ك، دۇر ئىستىئانه‌ت.

قىل ماڭا ره‌همه‌ت، ئه‌فۇ مه‌غفىره‌ت،
ئه‌يله‌پ مه‌رهه‌مه‌ت، ته‌ۋفىق هىدايه‌ت.
كۆڭلۈم كۆڭلىدىكى شېئىر
سىقىلغاچ زاريدۇر كۆڭلۈم، قىسىلغاچ تاريدۇر كۆڭلۈم،
ئېزىلگه‌چ ياريدۇر كۆڭلۈم، دېمه‌ك ئه‌ۋاريدۇر كۆڭلۈم.

ئاساره‌ت زه‌نجىرى جانغا، هاقاره‌ت خه‌نجىرى قانغا،
سىياسه‌ت نه‌شته‌رى يانغا، قادالغاچ ياريدۇر كۆڭلۈم.

هامان هۆرلۈك ئۈچۈن ئارمان، تاپالماي ده‌ردىگه ده‌رمان،
بېرىپ ياتقان يېرى زيندان، بولۇپ بيچاريدۇر كۆڭلۈم.

ھېساپسىز قايغۇ ھەسرەتلەر، جاپا ۋە جەۋرۇ كۈلپەتلەر،
ئېغىر دەرت ۋە ئەزىيەتلەر بىلەن قاپقارىدۇر كۆڭلۈم.

بولۇرمۇ مىللىتىم ئازات، ۋەتەن ئۆز ئىلىكىدە ئاۋات،
دېگەن ئوي پىكرىدە پەريات، ئۇرۇپ دىشۋارىدۇر كۆڭلۈم.

چەمەنزارىمگە قوزغۇنلەر، بېسىپ چىققاچقا نۇرغۇنلەر،
بۇ شۇم باسقۇنچى بۇزغۇنلەر ئۈچۈن بىزارىدۇر كۆڭلۈم.

قۇتۇلغايمۇ ۋەتەن, مىللەت، كېتەرمۇ باشىدىن ئىللەت،
دېگەن ئوي بىرلە ھەر ھالەت، كۆيۈپ چوغۋارىدۇر كۆڭلۈم.

ئاسارەت دەردىنى ئويلاپ، خىيال دەرياسىنى بويلاپ،
ئۇمىد دەشتىدە ۋاۋلاپ، جاپالەر بارىدۇر كۆڭلۈم.

شۇ ئارماندا ئۆتەرمەنمۇ، مۇرادىمگە يېتەرمەنمۇ،
يېتەلمەستىن كېتەرمەنمۇ، دېگەچ غەمخارىدۇر كۆڭلۈم.

بۇ غەملەر بىرلە قايغاچ باش, كۆزۈم تۆكمەكتە قانلىق ياش،

بۇ دەرتكە ھەمنەپەس يولداش، ئاراپ سەييارىدۇر كۆڭلۈم.

ئۆتۈپ كەتكەي قارا تۈنلەر، يېتىپ كەلگەي يورۇق كۈنلەر،
شۇ چاغدا شاتلىق ئۈنلەر، بىلەن ھەمكارىدۇر كۆڭلۈم.

بۈيۈك ھەققانىيەت مۇزھەر، ئۇلۇغ ئىنسانىيەتپەرۋەر،
كەبى ئالا نىيەت جەۋھەر، كېلۇر گۈلزارىدۇر كۆڭلۈم.

ئاتا مىللەت ئانا تۇپراق, ئۈچۈن ئازادە ئەركىن چاغ،
بۇلۇر قالماس يۈرەكتە داغ، دىبان دىلدارىدۇر كۆڭلۈم.

ھەقىقەتنى نىشان قىلغان، دىلى پاك ئاق نىيەت ئىنسان،
ۋەتەن, مىللەت سۆيەر ۋىجدان، بىلەن ئەسرارىدۇر كۆڭلۈم.

ئېچىلدى كۆز قېچىپ ئۇيقۇ، كۈچەيدى ئاڭ سېزىم تۇيغۇ،
يېڭەلمەس ئانى غەم ـ قايغۇ، سەۋەب بىدارىدۇر كۆڭلۈم.

ئۆتۈپ تۈرلى سىناقلاردىن، ئېلىپ ئاچچىق ساۋاقلاردىن،
چېنىققاچ بارچە ياقلاردىن، چېچەن ھوشيارىدۇر كۆڭلۈم.

رىجا ئوقياسىنى جايلاپ، نىشانغا ئاتقىلى پايلاپ،
بۈيۈك مەقسەتكە بەل باغلاپ، قىزىپ تەييارىدۇر كۆڭلۈم.

كۆرۈش بىر نىشانغا ئات، يېتىش پىكرىدە ھېسسىيات،
تورىدىن مەنىۋى سوغات، لارى ئەشئارىدۇر كۆڭلۈم.

بۇ سەپ ئاچقاي تۇمانلارنى، بېسىپ ئۆتكەي داۋانلارنى،
چاپار كۆزلەپ نىشانلارنى، چىۋەر تۇلپارىدۇر كۆڭلۈم.

جاپالەر كۆرسە جانلانغان، قامالسا قەلبى قانلانغان،
تۆلەككە چۈشسە تاۋلانغان، ئەجەپ شۇڭقارىدۇر كۆڭلۈم.

ئاجايىپ زور كارامەتلەر، بۈيۈك تۈرلۈك ئالامەتلەر،
مۇھىم سىرلىق تىلسىماتلار، قۇرۇلغان غارىدۇر كۆڭلۈم.

”ئەزىزى“ كۆپ جاپا كارمەن، ۋە لېكىن بەك ئۇمىدۋارمەن،
نىشانەمگە پىداكارمەن، شۇڭا ئىلغارىدۇر كۆڭلۈم.

كۆيۈنگەچ ئەركىن ئازاتلىق، ئۈچۈن ئوتتەك يانار كۆڭلۈم،
كۈتۈپ مىللەت ۋەتەنىنىڭ، بەختۇ ئىقبالىنى زار كۆڭلۈم.

ئىچىمدە قايغۇ ھەسرەت، دەرت ئەلەملەر چوغلىرى چاقناپ،
ھاقارەتلىك ئاسارەت ئۆچىغىدا تاۋلىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن جانىم، ئانام مىللەت، ئاتام پىكرى خىيالىدا،
ھامان ئۆركەشلىنىپ چاقماق, چېقىپ يالقۇنلىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن تۈرلى جاپالەرگە دۇچار بولسام،
شەرەپلىك ئىپتىخارىم بۇ، مېنىڭ دەپ ماختىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن گۈلزارى چىمەننىڭ ئەركە ئۆسكەن بىر گۈلى بولغاچ،
كامالى زوقى - شوقى بىرلە ئەركىن ئاچىلار كۆڭلۈم.

بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ ھورنىشانلىق بۇلبۇلى بولغاچ،
كۆيۈنگەچ مىللىتىم ھالىگە، سايراپ مۇڭلىنار كۆڭلۈم.

كېچە - كۈندۈز ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئازات ئەركىنلىك،
سائادەت بەختىيار تۇرمۇش يولىن ئىزدەپ ئارار كۆڭلۈم.

قاچان مىللەت بولۇر ئازاد، ۋەتەن ئۆز ئىلىكىدە ئاباد،

سونۇق دىللار بولۇر خوش ـ شاد، دىبان كۆپ ئويلىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن مىللەت غېمىن يەپ ئاھ ئۇرۇپ پەريات چېكىپ، قاقشاپ,
جاھالەت ئۇيقۇسىدىن مىللىتىمنى ئويغىتار كۆڭلۈم.

گۈلىستاننى قارغا ـ قوزغۇنلەر كېلىپ باسقاچ،
چۈشۈپ بۇلبۇل قەپەزگە، بونى ئويلاپ قان يۇتار كۆڭلۇم.

نەدىندۇر بىزگە بۇ شۇم نەسلىك، بۇ بەختسىزلىك دەپ،
كۆيۈپ ھەسرەت ئوتىدە، ئۆرتىنىپ پەرياتلىنار كۆڭلۈم.

نە بولدۇڭ مىللىتىم ئاھ مىللىتىم دەپ قايغۇرۇپ قاخشاپ،
ئېچىنغاچ كۆزلىرىدىن ياش ئورنىگە قان ئاققۇزار كۆڭلۈم.

ئورۇنلانماي ئۇمىد ۋە ئارزۇ مەيۈس بولۇپ گاھى،
ئېغىر غەمكىن بولۇپ، گاھى بۈيۈك ئۈمىتۋار كۆڭلۈم.

چىدالماي مىللىتىم ھالىغا قاقشاپ، ئاھ ئۇرۇپ، زارلاپ،
زامانلاردىن بىرى تۈرلى جاپالەرگە دۇچار كۆڭلۈم.

نىچۈن مۇنداق ئاسارەتلىك، ھاقارەتلىك، رىزالەتلىك،
ئېغىر ئەھۋالدا قالدىڭ مىللىتىم, دەپ زارلىنار كۆڭلۈم.

بوزۇلغان، يولدىن ئازغان مىللىتىمنى يولغا سالماققا،
مۇۋاپىق چارە دەرمانلار، تاپالماي ئاھ ئۇرار كۆڭلۈم.

دېمەك بەزىلەر ئىمان بىلەن ۋىجداندىن ئايرىلغاچ،
بۇلارنى توغرا يولغا باشلىماي قىيىنلار كۆڭلۈم.

ۋەتەن مىللىتىن ساتقان بەزىلىرى تارىخنى بۇلغاپ،
بۇ خىل ئەھۋالنى ئەسلەپ قايغۇرۇپ بەك ئارلىنار كۆڭلۈم.

يەنە بىر قانچىسى ۋىجدان سېتىپ جاننى باقماقچى،
بۇلار ھالىغا قاتتىق قايغۇرۇپ ئەپسۇسلىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن مىللەتنى بولغاپ، تارىخنى داغلاپ جاننى ساقلاپ،
رەزىل تۇرمۇشنى سۆيگەنلەر ئۈچۈن نەپرەت چاچار كۆڭلۈم.

مۇقەددەس ۋەتىنىم بەك خار، شەرەپلىك مىللىتىم بەك زار،
بولۇپ قالغانىگە قاتتىق ئېچىنغاچ ئارلىنار كۆڭلۈم.

لېكىن مەقسەت يولىدا نا ئۈمىد مەيۈس بولماستىن،
نىشانغا يەتكىلى قىزغىن ئاماللارقوللىنار كۆڭلۈم.

ۋەتەن مىللىتىمنى قۇتقازماق يولىدا قانچە قىينالسام،
شەرەپلىك ئىپتىخارىم دەپ چىداپ مەغرۇرلىنار كۆڭلۈم.

بۇ دۇر ئىنسانى بۇرچۇم زادى ۋىجدانى ۋەزىپەم دەپ،
ئادا قىلماق ئۈچۈن بۇ قەرزنى مەھكەم تۇرار كۆڭلۈم.

نىشانەمگە تىرىشكەيمەن، كۈرەش بىلەن ئېرىشكەيمەن،
دىبان جان چىققۇچە مەيداندا تىنماستىن چاپار كۆڭلۈم.

ئەگەر جانىم تېنىمدىن چىقسىمۇ، روھىم كۈرەش ئەيلەپ،
هامان مۇستەبىتلەر تەختى ـ بەختىن ئاغدۇرار كۆڭلۈم.

ئاساسى مەقسىدىم ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئىقبالى،
سائادەت ئەركىن ـ ئازاتلىق هايات يولىن قۇرار كۆڭلۈم.

ھەقىقى ئەركىن ـ ئازات هۆر ياشاش ئىنسانىيەت بۇرچى،

بۇ يولغا كىمكى توسقۇن بولسا لەنەت ياغدۇرار كۆڭلۈم.

ئۆتۈپ كەتتى قاراڭغۇ زۇلۇم ئىستىبدات شۇم دەۋران،
بۇنى ئەسلەپ ئۇمىدۋارلىق كۆزى بىلەن باقار كۆڭلۈم.

پۈتۈن ئەۋلادى ئىنسان ئەركىن - ئازات ھۆر ياشاش ۋاقتى،
يېتىپ كەلدى دېگەن بۇ خوش خەۋەرنى ياڭرىتار كۆڭلۈم.

ئويغاندى بارچە مىللەت خابۇ غەپلەتتىن كۆتەردى باش،
نېچۈن ئەي مىللىتىم ئويغانمىدىڭ دەپ قايغۇرار كۆڭلۈم.

جاھاندا ئەركىن - ئازات تاڭلىرى يورۇشقا باشلاندى،
بۇ ھالنى مىللىتىمگە يەتكۈزۈشكە ئالدىرار كۆڭلۈم.

ئېزىلگەن مىللىتىم تۇر، باش كۆتەر، ئويغان، كۆزۈڭ ئاچ،
ئۇمۇمىي ئويغىنىش كۈيىدە دائىم جار سالار كۆڭلۈم.

ئەگەر ئويغانمىساڭ ئەي مىللىتىم ھالىڭ ھالاكەتتۇر،
يىتەرسەن مىللىتىم تارىختىن دەپ ئوقتۇرار كۆڭلۈم.

تۇرۇپ ئەي مىللىتىم چاپسان ھوقوقۇڭنى قولغا ئال،
بۇ پۇرسەت زور غەنىمەت قەدرى قىممەت دەپ جاۋار كۆڭلۈم.

شۇنىڭدەك بەد نىيەت باسقۇنچىلارغا ئارت قولۇڭنى،
ھوي ئۇياتسىزلار سېنىڭ دەۋرىڭ ئەمەس دەپ ئۇقتۇرار كۆڭلۈم.

خۇراپات ۋە جاھالەت ئەسرى دەۋرانى ئەمەس بۇ دەۋر،
جاھان ئەھلى ئويغانغان ئەسرى بۇ دەپ ياڭرىتار كۆڭلۈم.

ئۇ شۇنداق دەۋردۇر كىم زۇلمى ئىستىبداتقا يول قويماس،
تولۇق ئازاد ئەركىنلىك ئۈچۈن كەڭ يول ئاچار كۆڭلۈم.

بۇ شۇنداق دەۋردۇر كىم تۈرلى كەشپىيات تەرەققىيات،
چېقىپ مەيدانغا جەۋلان قىلغاندا شادلىنار كۆڭلۈم.

ئۇلۇق ئىنسانىيەت بۇرچىنىڭ يىلتىزى ھۆرلۈك،
بۇ شانلىق ۋەتىنىمنى كۆكەرتىپ ياشنىتار كۆڭلۈم.

نىشانىم مەقسىدىم ئالىي دىلىم پاك نىيىتىم توغرى،

ئۇمىدىم زور ئۇلۇغ تەڭرىم مەدەتكار ھەمدە يار كۆڭلۈم.

ئىشەندىم تەڭرىمە، بارلىق ئىشىمنى ئۆزىگە تاپشوردەم،
مېنى تەڭرىم ئۆزى ئاسرار دەپ مەغرۇرلىنار كۆڭلۈم.

ئۇلۇغ تەڭرىم قۇلىدۇرمەن، رەسۇلىنىڭ ئۈممىتىدۇرمەن،
بۇنىڭدەك زور شەرەپ بارمۇ دېمەككى زوقلىنار كۆڭلۈم.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنىدە بولغىنىم بەختىم،
قانىم تۈرك نەسلى بولغاچ شانلى تارىخنى تۇتار كۆڭلۈم.

ۋەتەن, مىللەت ئۈچۈن ئەركىن – ئازات بەخت ـ ئىقبال،
قۇرۇپ چىقماق ئۈچۈن ھەق نۇسرىتىگە ئىنتىزار كۆڭلۈم.

شەرەپلىك تۆت خىسلەت زور پەزىلەت بار ۋۇجۇدۇمدا،
بۇ مەيداندا كۈرەش قىلماي نەدىن قورقۇپ تۇرار كۆڭلۈم.

ئۇلۇق تەڭرىم ئۆزىنىڭ قۇۋۋەت مەدەت بەرگىل ئەزىزىگە،
ئىلاھىم نۇسرەتىڭ بىلەن جاھاننى تىترىتەر كۆڭلۈم.

ئەلەم ھەسرەت چېكىپ دائىم جىگەر خۇنپارىدۇر كۆڭلۈم،
بولۇپ زەرداۋى قان لەختە ساقايماس يارىدۇر كۆڭلۈم.

جۇنۇن ۋادىسىدا مەجنۇن كەبى ئاھو ـ پىغان بىرلەن،
ساداغا تەلپۈنەر لېكىن ئۈزۈلگەن تارىدۇر كۆڭلۈم.

داۋام غەم ـ قايغۇ ئارماندا، غېرىپ مۇزتەر بۇ دەۋراندا،
بولۇپ مەھبۇس زىنداندا پۈتۈن ئازارىدۇر كۆڭلۈم.

ئەگەر كىم بولسا ئىمانسىز، نىشانسىز نەس ۋىجدانسىز،
مۇناپىق قارا يۈز سانسىز، ئىكەن ئەغيارىدۇر كۆڭلۈم.

قاناتسىز قۇش نىچۈك جەۋلان قىلۇر پەرۋازىدىن مەھرۇم،
قەپەسلىك جانىۋارلاردەك ئەجەپ بىچارىدۇر كۆڭلۈم.

توسالغۇ دەشت ـ داۋانلاردىن خىيالىم ھالقىماق ھەرئان،
لېكىن جۇشقۇن تەپەككۇردا ئۈمىتنىڭ كانىدۇر كۆڭلۈم.

يېتىپ كەلسە نىشانلىق كۈن بۇ گۈلشەن بۇلبۇلى بولغۇم،
ئەجەل كەلسە ئەگەر بالدۇر ئاگا ئىنكارىدۇر كۆڭلۈم.

كۆرەش يولىدا جان بەرمەك ماڭا قەرزدۇر ئوغلانلار،
يېنىپ تۇرغان كۆيەر ئوتقا پىدا پەرۋانىدۇر كۆڭلۈم.

بېشىمغا ھەر بالا كەلسە، بويۇن ئەگمەي ئىرادەمدىن،
يۈرەك مەغرۇر، قېنىم مەشھۇر تۆكۈلسە غايىدۇر كۆڭلۈم.

چېكىپ مېھنەت, ئازاپ - كۈلپەت يېتىشسە يۇرت ئۈچۈن ھەردەم،
ماڭا جەننەت كەبى گويا بولۇر ئەبرارىدۇر كۆڭلۈم.

قارار گاھىم مۇشەققەتلىك بىلەرمەن لېكىن پارلاقتۇر،
تىنىم تاپماس مېنىڭ روھىم شۇنىڭچۈن زارىدۇر كۆڭلۈم.

زىمىستانلار بىلىنمەيدۇ ئۆتەر ئۇ ھەرقاچان يازدەك،
باھارنىڭ ئىشقىدا زوقمەن، ئاڭا خوشتارىدۇر كۆڭلۈم.

غورورۇم تەگدىشى يوقتۇر، گۇۋاھ تارىخى جەريانىم،
ھاياتىم ئۆتتى مەھبۇستا پەلەك پەرۋانىدۇر كۆڭلۈم.

جاھان تارىخىدا داڭلىق ئۇلۇق ئەجداد دېگەن نامىڭ،

كۇپايە ساڭا ئەلۋەتتە دىمەس دىشۋاردۇر كۆڭلۈم.

سىلىپ ياۋ ئۈستىگە ئاتلار ۋەتەن ئۈچۈن جاننى بەخش ئەتمەك،
شەھىدلىك دەرىجىسىن تاپماق ئۈچۈن خۇشتاردۇر كۆڭلۈم.

"ئەزىزى" قالمىدىڭ يالغۇز يولۇڭدا دوستلىرىڭ كۆپتۇر،
ساڭا ۋەدە بېرىپ بارچە دىدى قۇرباندۇر كۆڭلۈم.

يېرىپ كۆرسەڭ يۈرەك باغرىم ئەلەم ھەسرەتكە لىق تولغان،
ئۇمىد روھىم ۋە ۋىجدانىم ماڭا ھەمرايدۇر كۆڭلۈم.
ئاسارەت
ئاسارەت بوغدى ئىنسانى ھۇقۇقۇم ئىختىيارىمنى،
ھاقارەت، جەبرۇ ـ كۈلپەت يەرگە ئۇردى ئېتىبارىمنى.

نە يەڭلىغ بەختسىز مەن، ئىززەت ـ نەپسىمدىن ئايرىلدىم.
يۇقاتتىم قەدرۇ ـ قىممەت، شانۇ ـ شەۋكەت ئىپتىخارىمنى.

مۇقەددەس ۋەتىنىم جانىم ئانام گۈل غۇنچىسى ئەردىم،
قارا ـ زۈلمەت تۇمانلەر توستىلەر ئەركىن ئاچىلارىمنى.

شۇنىڭدەك مىللىتىمنىڭ ئەركىن ـ ئازات بولۇشى ئەرىدىم،
مېنى تورغا چۈشۈرگەچ توستىلار ئەركىن ئۇچارىمنى.

زىمىستان جۇتلىرىدىن بەندە بولغاچ مەن قەپەس ئىچرە،
كۆتۈپمەن، تەلمۈرۈپ سايراش ئۈچۈن پەسلى باھارىمنى.

ئۇمىدلىك روھلۇقتۇرمەن ھامان مەقسەت ـ نىشانەمدە،
ئۇلۇق تەڭرىم كۆرۈپ تۇرغاچ مېنىڭ بۇ ئاھۇ زارىمنى.

ماڭا بۇ نىجاتسىزلىق ۋاقىتلىكتۇر دائىمى بولماس،
دىبان باسمىقاقچى بولدۇممەن كۆيۈپ تاشقان يانارىمنى.

يېتىپ زىنداندا ئارا تۈرلى ھەسرەت، دەردۇ ـ ئاھ ئىچرە،
قىينىلىپ قالدىم، ئايلىنىپ بىلمەيمەن قانداق قىلارىمنى.

قىين ئەھۋالدە...... ھالدە قالدىم، رەھىم قىل تەڭرىم،
سۆيۈندۈممەن ساڭا رەببىم ئىجابەت قىل سورارىمنى.

ئۆزۈڭ رەھمەت ئەتمىسەڭ يارەب, ماڭا مۇزتەرنىڭ ھالىگە،
كىمىم بار سەندىن ئۆزگە قاندۇرارلىق ئىنتزارىمنى.

ئاسلىدىم دەرگاھىڭدا فەزلى رەھمىتىڭنى تىلەپ, يارەب،

ئۆزۈڭگە ئەرزى ھال ئەيلەپ تۆكەرمەن ئاھۇ- زارىمنى.

سېنىڭدىن ئۆزگە ھېچ كىم رەھىم ئەتمەس ھالىمە،

تۇنۇشماس ھېچ كىشى سەندىن بۆلەك بۇ ئىختىرارىمنى.

مېنى مۇزتەرگە زىندانىدىن نىجاتلىق بەر ئۇلۇق تەڭرىم،

ئۆزۈڭ ئاسىراپ مېنى ئەتكىل نەسىپ ئەركىن ياشارىمنى.

ئېزىلدىم خارۇ - زار ئولدۇم، چىدارگە قالمىدى تاقەت،

يۇقاتتى قايغۇ - ھەسرەتلەر، مېنىڭ سەبرۇ قارارىمنى.

قايىپ باشىم، ئاقىپ ياشىم، كۇيۇپ جانىم، تۆشۆپ روھىم،

شاشىپ بۇقان قاچىپ ئەقلىم غەم - غۇسسە باستى بارىمنى.

ئۇلۇق تەڭرىم،” ئەزىزى “ زار قاخشاپ ئاھ ئۇرۇپ ئېيتۇر ساڭا،

ھەبىبىڭ ھۆرمىتى بىرلەن ئىجابەت قىل مۇددىئايىمنى.

ئىسيانكار ئىنسان

ھەرگىز باش ئەگمەس ئىنسان زورلۇققا،

چىداپ تۇرالماس ۋىجدان خورلۇققا.

زوراۋانلارنىڭ دەۋرى ۋاقىتلىك،

ئاخىر تېپىلىپ ياتار شورلۇققا.

ئۇرۇش پارتلايدۇ باسقۇنچىلىقتا،

تىنچلىق بولمايدۇ بۇزغۇنچىلىقتا.

ئەركىن، ئازاتلىق ھايات بولمايدۇ،

قۇربان بولغان خوپ قىرغىنچىلىقتا.

ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر يات خورلۇق مەھكۇملۇق،

ئەركىن ياشاشتىن چەكلىك مەھرۇملۇق.

مەھكۇملۇق دېگەن شۇم رەزىل ھايات،

ھېچبىر ئىززەت يوق زەھەر زۇلۇملۇق.

ئەمدى ھېچ مىللەت قاراپ ياتمايدۇ،

قۇللۇق دەردىنى ھەرگىز تارتمايدۇ.

ئەركىن - ئازادە بەختىيار ياشاپ،

خورلۇق يولىغا ئەمدى قايتمايدۇ.

تىرادىگىيە

ئىنسانلار ئۈچۈن ئىنسان،
قۇرماقتا توزاق ـ قاپقان.
ھەر ياقتا ئېغىر ئارمان،
بەك ئاز تېپىلۇر دەرمان.

ھەر قايسىدا بىر دەۋا،
دەۋاسى قۇرۇق ئىغۋا.
گاھ شۆھرەت، گاھ رەسۋا،
بولماق بىلەن ھەر دەۋران.

داۋاسى ئادالەتتۇر،
ئىجراسى رىزالەتتۇر.
غوغاسى جاھالەتتۇر،
ئۇل ھەيران، بول ۋەيران.

پۈتسۇن قۇرسۇن دۇنيا،
كۆيسۇن، تۇگۇسۇن دۇنيا.
ھېچ ياشنامىسۇن دۇنيا،
شول چاغدا پۈتەر دەرمان.
تاماشىشا قىل

ھەرجاننى تاماشا قىل،

ھەر ساننى تاماشا قىل.

ئىمكاننى تاماشا قىل،

كۆرگىل كېچە - كۈندۈز.

ئابلا نامان

ئىنسانىيەتنىڭ قاتىل دۈشمىنى، خىتاينىڭ جاھىل ئوچمىقى, دىنسىز, ئىمانسىز نىڭ قىسمەت سۈپەت خىسلەتلىرىگە دائىر ئەدەبىياتلاردىن بىر نەمۇنە.

1958 - يىل، سىنتەبىر.

ئەي زەھەر.... تى، شۇملۇقتا پوختى،

مەككار ئال سوختى, خائىن شۇم خىسلەت.

سەندەك ۋىجدانسىز مەلئۇن ئىمانسىز،

مەسلەك نىشانسىز، ساڭا مىڭ لەنەت.

ئەي شۇم غانجۇر ئىت، زەھەر چاققان پىت،

چىركىش بەدبوي ژىت، ئىپلاس تەبىئەت.

تىنىڭنى دىسە, پۇت ـ قولۇڭ پىسە،

ۋۇجۇدىڭ ئىسە، مەنھوس بەدنىيەت.

ئەي مۇرتەد فاسىق، كاززاپ مۇناپىق،

لەنەتكە لايىق ھەردەم ـ ھەرسائەت.

ئەي دىن دۆشمىنى، نىجىس سىرقىنى،

يەر يوتسۇن سىنى ئەي يامان غىللەت.

چوڭ سەن بىر مەرەز، دوشمەن بىغەرەز،

كوزى سىرت شۇم بەز, ئىشلىشىڭ تۆھمەت.

ئەي يولدىن ئازغان, قارا يوز بولغان،

رەسۋا بولغانغان. قارىماس مىھنەت.

ئەي زەھەر ئىلان، دىلى كور چايان،

ئەي ۋەھشىي قاۋان, بارلىغىڭ ئاپەت.

ئەي قارانىيەت, يوق ئىنسانىيەت،

يا ھەققانىيەت، سەندە يوق ھالەت.

ئەي سەن يالغانچى، يۇزسىز ئالدامچى،
لاپچى ھەم دامچى, دەيوز بەدنىيەت.

ئەي خائىن مەككار، بارمۇ سەندە ئار،
ئەي بەدنىيەت بىركار, رەزىل كاساپەت.

شۇم چىراي لەئىن، ئەخلاقسىز...،
تۇرۇڭگەز نەپرەت.

شۇم تەلەت ئەبلەخ، شۈم قىلىق ئەخمەق،
پەس مەرەز مەتو, پۈتۈن شۇم سۈپەت.

مەلئۇن جاقارى، شۇم دىل ئازارى،
خۇدا بىزارى، كانى شاقاۋەت.

ئەي قارا يوز نىجىس، ئۇتۈپ كەتكەن پەس،
مۇتىھەم ناكەس, غالچۇر ئىت تەلەت.

سىخىن چىن تامام، بارلىقىڭ ھارام,

غەيبەت ـ شىكايەت.

* * *

قېنى، قايدىن قاچان، قايداق قوناق قوشلار،
قانات ـ قۇيرۇقلىرى قىرقىلغان چوناق قوشلار.
تولەكدىكى تورغا چۈشكەن تارقاق قوشلار،
تونوشايلى تىلەكداشلار تارماق قوشلار.

زىندان

بولۇپ زىندان مېنىڭ جايىم ـ سارايىم,
ياتىپ قايغۇردى ئۆڭدى چىرايىم.

ئەجەپ كۈنلەرگە مەن قالدىم خۇدايىم,
ئۆتەرمۇ بۇ كۈنلەر ئىچىدە ئىتىم.

جاپاكارلىق بىلەن قايماقتا باشىم,
كۆزۈمدىن قان بولۇپ ئاقماقتا ياشىم.

تاپالماستىن تىلەكداشنى ئارقاداشىم,
ماڭا يار يۈلەك ھەمدەرت قاياشىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم ئىشانچىم، ئېتىقادىم،
ساڭا باغلىق ھەقىقى ئېتىقادىم.

تۆكەر مەن دەرگاھىڭگە ئاھۇ ـ دادىم,
تىلەرمەن سېغىنىپ سەندىن مۇرادىم.

ئۇمىدىم ئۇشبۇ زىنداندىن نىجاتىم,
ھەقىقى بەختىيار ئەركىن ھاياتىم.

ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن مەھكەم ساباتىم,
بولۇپ تارىختا قالسۇن ياخشى ئاتىم.

ئىگەمسەن كەرەملىك بىيرۇ بارىم,
كۆرۈپ تۇرماقتىسەن ئاھۇ ـ زارىم.

چىدارگە قالمىدى سەبرۇ ـ قارارىم,
ئۆزۈڭ رەھىم ئەتكىل پەرۋاردىكارىم.

ھەبىبىڭ ھۆرمىتىدىن ئەرزۇ ـ ھالىم,
..................

مېنىڭدە يوق چارە ـ دەرمان ئامالىم,
ئۆزۈڭ ئوڭلاپ تۈزەتكەيسەن ھالىم.

ئۇلۇغ تەڭرىم بۈيۈك قادىر ئىلاھىم,
ئىگەمسەن ئەي ھەقىقى پادىشاھىم.

كېرەم ئەيلەپ كەچۈرگەيسەن گۇناھىم,
غەمخارىم پوشتۇ ـ پاناھىم.
ھەسرەتلىك مۇناجات
مەن ئىشەنگەن مىللىتىمدىن كۆرمىدىم ھېچبىر ۋاپا،
باشىمە كەلتۈر دىلەر تۈرلى ئەلەم، ھەر خىل جاپا.
سەن ئۆزۈڭ ئاسرا مېنى تەڭرىم ئۇلۇغ پەرۋەردىگار،
تۈرلى ئاپەتۇ بالالەردىن بىھەققىل مۇستەپا.

*　　*　　*

مەندە ھازىر قالمىدى مىللەت، ۋەتەن دەپ قايغۇرۇش،
بولدى ھالىم زارلىنىپ زىندان ئىچرە ئولتۇرۇش.
قايغۇ ـ غەم، دەرت ـ ئەلەملەردە سىقىلغاچ تەن ۋە جان،
قايغۇ ـ ھەسرەتلەردە قاخشاپ داد ـ پەرياد ئاھ ئۇرۇش.
سوندى كۆڭلۈم، تۈشتى روھىم، سىقىلىپ جانىم مېنىڭ،

ئېزىلىپ تەن، بۇزۇلۇپ قان يوق مېنى شادلاندۇرۇش.

خەير مەن رەھمىسىز، ئۇمىتسىز بولماقىم لايىق ئەمەس،

مەن ئۈچۈن لايىق سۈپەت ھامان جاسارەتلىك بولۇش.

جان تېنىمدىن چىققۈچە مىللەت، ۋەتەن دەپ زارلىنىپ،

ئەركىن، ئازاتلىق ئۈچۈن تۈرلى ئاماللار قوللىنىش.

ۋاقىتلىكتۈر ھەر...، ھەر جاپا، تۈرلى بالا,

بولمىغاي ئالەمدە ھېچبىر دائىما بىر خىل تۇرۇش.

ئۆزگىرىپ تۇرغاي ھېمىشە مۇمكىنات ھەر ۋاقىتدا,

ھەق تائالادىن بۇلەك بارلىق ۋۇجۇتتا بۇزۇلۇش.

تۇشمىسۇن روھىڭ ئەزىزى سۇنمىسۇن ھەرگىز دىلىڭ،

يارىمايدۇ چىداماسلىق ياناده مەغرۇرلىنىش.

زۇلۇم ـ ئىستىبدات زورلۇق شەرمسار باسقۇنچىلىق،

ئالەمى ئىنسانىيەت گۈلزارىگە بوزغۇنچىلىق.

ئەركىن ـ ئازات ياشماق ئىنسانىيەت قانونىدۇر،

شۇم ـ زەھەر لىكتۇر بو يولغا كىم قىلور توسقۇنچىلىق.

---

[1] ـ سىراتەل مۇستەقىم ـ ئەرەپچە ـ توغرا يول، دېگەن مەنىدە.

[2] ـ ئاخىرلىق ـ ئاخىرەتلىك، دىمەكچى.

[3] ـ ئۈرۈمچىدىكى 4- تۈرما كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[4] ـ ئەرەپچە ـ ئىبادەت قىلمىز دىگەن مەنىدە.

[5] ـ بۇ ماۋزۇ ئوخشىمىغا قول يازمىلاردا ”ۋەتەن دەردى“،”ۋەتەن سۆيگۈسى“، ”ۋەتەن سۆيۈش ئىماندىندۇر“ دېگەنگە ئوخشاش ئىلىنغان. بۇ يەردە ۋەتەن سۆيگۈسىنى تاللىۋالدۇق.

[6] ـ 1996 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا (تامچە ژۇرنىلىنىڭ) سولتان ماھمۇت قەشقەرى ـ ”ئاھو ـ پەريادىم“ دەپ ئالغان.

[7] ـ ”تامچە“ ژۇرنىلىنىڭ 1996- يىللىق 5- سانىدىكى، دوكتور سۇلتان مەمۇت قەشقەرىنىڭ ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدە، بۇ ئىككى مىسرا ئارتۇق ئىلان قىلىنغان.

[8] ـ ”ۋەتەن سۆيمەك دىگەن مەنىدە“.

[9] ـ ”تەرەھھوم“ ئەرەپچە رەھىم قىلدۇرماق مەنىدە.

[10] ـ مۇزتەر ـ ئەرەپچە ـ مەجبۇرلانغۇچى، بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم ـ دېگەن مەنىدە.

[11] ـ مۇزتەرىب ـ ئەرەپچە ـ قالايمىقان بولغۇچى، ئەسىرىگۈچى، دېگەن مەنىدە.

[12] ـ ئېتىماد ـ ئەرەپچە ـ يۆلەنمەك، تاياناماق، ئىشەنمەك  دېگەن مەنىلەردە.

[13] ـ ئەشئار ـ ئەرەپچە ـ شېئىرلار، دىگەن مەنىدە.

[14] ـ راھ ـ پارسچە ـ يول، دېگەن مەنىدە.

[15] ـ ئانى ـ ئانى تاپماق، بۆزەك قىلماق، دېگەن مەنىدە

[16] ـ مۇشتەرەك ـ ئەرەپچە ـ ئورتاق، دېگەن مەنىدە.

[17] ـ نىگە ـ نىمىگە، دېمەكچى.

[18] ـ غالى ـ ئەرەپچە ـ قىممەتلىك، باھالىق، دېگەن مەنىدە.

[19] ـ كەنز ـ ئەرەپچە ـ خەزىنە، دېگەن مەنىدە.

[20] ـ ئالەت ـ ئەرەپچە ـ قۇرال ـ ياراق ياساشقا، دېگەن مەنىدە.

[21] ـ نەمامەت ـ ئەرەپچە ـ سۈخەنچی، گەپ تۇشۇغۇچی، دېگەن مەنىجدە.

[22] ـ شىئايەت ـ ئەرەپچە ـ ئۈسەك سۆز، دېگەن مەنىدە.

نەشــــــــرىياتى ئۇيغــۇر تــــــەكلىماكان